ئۆي، ھويلا ـ ئارام لايىھىلەشكە دائىر كىتابلار

# مېۋىلىك باغلارنى لايىھىلەش ۋە مېۋىلىك باغ بەرپا قىلىش





شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

TU261
U-1

ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۆي، هويلا ـ ئارام لايىھىلەشكە دائىر كىتابلار

# مېۋىلىك باغلارنى لايىھىلەش ۋە مېۋىلىك باغ بەرپا قىلىش

تۈزگۈچى: قادىر توختى

新疆大学图书馆
民文图书 755MWS00023068

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

شىنجاڭ داشۆې كىتابخانىسىنىڭ تامغىسى
新疆大学图书馆

**图书在版编目(CIP)数据**

农村果园设计：维吾尔文/哈迪尔·托合提编著.
—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2007.7
(庭院设计丛书)
ISBN 978-7-228-10994-4

Ⅰ.农… Ⅱ.哈… Ⅲ.果园—园林设计—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.TU261

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2007）第 099484 号

庭院设计丛书

**农村果园设计**（维吾尔文）

| | |
|---|---|
| 编　　著 | 哈迪尔·托合提 |
| 责任编辑 | 托合提·吐尔迪 |
| 责任校对 | 阿达来提·买合苏提 |
| 封面设计 | 米尔扎提·阿不都拉·塔吉 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　　话 | (0991)2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| 邮政编码 | 830001 |
| 印　　刷 | 乌鲁木齐大金马印务有限责任公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230 毫米　1/32 |
| 印　　张 | 3.125 |
| 插　　页 | 4 |
| 版　　次 | 2007 年 7 月第 1 版 |
| 印　　次 | 2007 年 7 月第 1 次印刷 |
| 印　　数 | 1—5000 册 |
| 书　　号 | ISBN 978-7-228-10994-4 |
| 定　　价 | 6.00 元 |









# نەشرىياتتىن

«يېزىلار، يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلار» خىزمىتى ۋە «سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش» خىزمىتى پارتىيىمىزنىڭ يېڭى ئەسىردىكى مۇھىم خىزمەتلىرىنىڭ بىرى. ئاپتونوم رايونىمىزدا بۇ خىزمەتنىڭ ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلۇشىغا ماسلىشىپ، كەسپىي مائارىپنى زور كۈچ بىلەن قوللاش، ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش، يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ باشقا كەسپلەرگە يۆتكىلىشىنى تېزلىتىش، شەھەرلەردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئۈزلۈكسىز تەربىيىلەش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا ھەمدەم بولۇش مەقسىتىدە بىز يېمەك - ئىچمەك، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، مېۋە - كۆكتات ساقلاش ۋە قۇرۇتۇش، دۇكاندارچىلىق، مۇلازىمەتچىلىك، ئۆي ۋە ھويلا - ئاراملارنى لايىھىلەش، پاكىز ئېنېرگىيىلەردىن پايدىلىنىش، يېزىلاردىكى يەر ھۆددىگەرلىكى، ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش، ئىشلەپچىقىرىش بىخەتەرلىكى، تۇرمۇش ساۋاتلىرى، قوش تىل ئۆگىنىش قاتارلىقلارغا ئائىت يۈرۈشلۈك كىتابلارنى تۈزدۈرۈپ ۋە بىر قىسمىلىرىنى تەرجىمە قىلدۇرۇپ نەشر قىلدۇق.

بۇ كىتابلارنى تۈزۈشتە سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ۋە سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش ئاساسىي مۇددىئا قىلىندى؛ يېزىلارنىڭ ۋە دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، تۇرمۇشىنى باياشات قىلىش نىشان قىلىندى؛ پەن - تېخنىكىنى «دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق كەسپلىرىگە، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىغا، دېھقان - چارۋىچىلارغا يېقىنلاشتۇرۇش» نىشان قىلىندى.



www.uyghurkitap.com

بىز بۇ كىتابلارنى ھەم يېزىقى بار ، ھەم رەسىمى بار قىلىپ تۈزۈپ ، دېھقان - چارۋىچىلار چۈشىنەلەيدىغان ، ئۆگىنەلەيدىغان ، ئىشلىتەلەيدىغان قىلىپ چىقىرىشقا تىرىشتۇق ، شۇنداقلا ئىلمىيلىكىگە ، ئەمەلىي قوللىنىشچانلىقىغا كاپالەتلىك قىلدۇق . بىز بۇ كىتابلىرىمىزنىڭ دېھقان - چارۋىچىلارنى ، بىر قىسىم ئىش كۈتۈپ تۇرغانلارنى ، كەسپىي مائارىپ بويىچە تەربىيىلەنگۈچىلەرنى يېڭى تېخنىكا ، يېڭى بىلىملەر بىلەن قوراللاندۇرالايدىغانلىقىغا ، بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ پەن - تېخنىكا ئارقىلىق بېيىشىغا ئەقلىي كۈچ ئاتا قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز .

بۇ يۈرۈشلۈك كىتابلارنى تۈزۈشكە مۇناسىۋەتلىك كەسپىي ساھەلەرنىڭ خادىملىرى تەكلىپ قىلىنغان بولسىمۇ ، بىرىنچىدىن ۋاقىتنىڭ ئالدىراشلىقى ، ئىككىنچىدىن بۇ ساھەدىكى كىتابلارنى تۈزدۈرۈشتىكى تەجرىبىمىزنىڭ كەملىكى تۈپەيلىدىن ، يا ئۇنداق ، يا مۇنداق يېتەرسىزلىك ۋە خاتالىقلار بولۇشى مۇمكىن . ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ئەپۇ قىلىشىنى ۋە قىممەتلىك پىكىر - تەكلىپلەرنى بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز .

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


بىرىنچى، مېۋىلىك باغ ئورنىنى پىلانلاش ۋە تاللاش ......... 1

ئىككىنچى، ئالمىلىق باغلارنى لايىھىلەش ۋە ئالمىلىق باغ بەرپا قىلىش ......................... 4

ئۈچىنچى، نەشپۈتلۈك باغلارنى لايىھىلەش ۋە نەشپۈتلۈك باغ بەرپا قىلىش ......................... 19

تۆتىنچى، ئۆرۈكلۈك باغلارنى لايىھىلەش ۋە ئۆرۈكلۈك باغ بەرپا قىلىش ......................... 32

بەشىنچى، ياڭاقلىق باغلارنى لايىھىلەش ۋە ياڭاقلىق باغ بەرپا قىلىش ......................... 49

ئالتىنچى، شاپتۇللۇق باغلارنى لايىھىلەش ۋە شاپتۇللۇق باغ بەرپا قىلىش ......................... 59

يەتتىنچى، ئانارلىق باغلارنى لايىھىلەش ۋە ئانارلىق باغ بەرپا قىلىش ......................... 66

سەككىزىنچى، ئاپتونوم رايونىمىز باغۋەنچىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ......................... 74

توققۇزىنچى، چەت ئەللەرنىڭ ۋە ئېلىمىزنىڭ باغۋەنچىلىك ئەھۋالى ......................... 76

[قوشۇمچە]

باغۋەنچىلىككە ئائىت بىر قىسىم ئاتالغۇلار ......... 89

# بىرىنچى ، مېۋىلىك باغ ئورنىنى پىلانلاش ۋە تاللاش

## 1 . مېۋىلىك باغ ئورنىنى تەكشۈرۈش

مېۋىلىك دەرەخلەر كۆپ يىللىق ئۆسۈملۈك بولۇپ ، بىر - ئىككى يىللىق زىرائەتلەرگە ئوخشىمايدۇ . باغ بەرپا قىلىنغاندىن كېيىن ، مېۋىلىك دەرەخلەر باغ ئىچىدە خېلى ئۇزۇن يىللارغىچە ئۆز ھاياتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ . شۇڭا ، باغ بەرپا قىلىنغان ئورۇن مۇۋاپىق بولمىسا ، بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ناچار تەسىر يىلدىن - يىلغا كۆچىيىپ مېۋىلىك باغنىڭ ئاينىشىغا پايدىسىز بولۇپ قالىدۇ . باغ ئورنىنىڭ مۇۋاپىق بولۇش - بولماسلىقى مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ مېۋىلىشىنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىكى ، مەھسۇلاتنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن ، بەلكى باغۋەنلەرنىڭ كىرىمى بىلەنمۇ بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ . كۆچەتلەر تىكىلىپ بولغاندا ياكى مېۋىگە كىرگەندىن كېيىن باغ ئورنىنىڭ نامۇۋاپىق بولۇپ قالغانلىقى سېزىلسە ، ئۇ ھالدا تولدۇرۇۋالغۇسىز زىيان كېلىپ چىقىدۇ . شۇڭلاشقا ، باغ بەرپا قىلىشتىن ئىلگىرى باغ ئورنىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈش ، يەنى ، باغ بەرپا قىلىنماقچى بولغان ئورۇننىڭ يەر شەكلى ، تۇپراق سۈپىتى ، يانتۇلۇقى ، يەر ئاستى سۇ ئورنى ، سۇغىرىش شارائىتى ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ، تۇپراقنىڭ فىزىكىلىق - خىمىيىلىك خۇسۇسىيىتى ، تېمپېراتۇرا ، ھۆل - يېغىن مىقدارى ، يورۇقلۇق ، تەبىئىي ئاپەت ئەھۋالى (بوران ، ئۈششۈك ، مۆلدۈر ، قۇرغاقچىلىق ، مۆلچىلىك ) ، شۇ ئەتراپتا ئۆستۈرۈلۈۋاتقان مېۋىلىك دە-

رەخلەر ، ئەمگەك كۈچى ۋە تېخنىكا كۈچى ، قاتناش ـ ترانسپورت ، ئىجتىمائىي تەلەپ قاتارلىق ئامىللارنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ بىرىنچى قول ماتېرىيالغا ئىگە بولۇش لازىم . كۆلىمى چوڭ باغلارنى بەرپا قىلىشتا يەنە يۇقىرىقى تەكشۈرۈش ئاساسىدا تەكشۈرۈش دوكلاتى يېزىش ھەمدە باغنىڭ يەر شەكلى خەرىتىسى ياكى سخېمىسىنى سىزىپ چىقىش لازىم . بۇنداق قىلغاندا باغنى ئارخىپلاشتۇرۇپ تەكشۈرۈش ۋە يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ پىلانلاشقا قۇلايلىق بولىدۇ .

باغ بەرپا قىلىشتا باغنىڭ كەلگۈسى ئىقتىسادىي ، ئىجتىمائىي ، ئېكولوگىيىلىك ئۈنۈمىنىڭ ياخشى بولۇش ـ بولماسلىقىنى ئالدىن ئويلىشىش ؛ ئىلمىي پىلانلاپ ، گۈزەل مۇھىت ، ئىلمىي تەرەققىيات ، ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئاساسىنى يارىتىشقا ئالدىن ئەھمىيەت بېرىش كېرەك . شۇنداق قىلغاندىلا سىجىل تەرەققىيات ئەندىزىسىدە بەرپا قىلىنغان باغ بولالايدۇ . بۇنىڭ ئۈچۈن ، ئالدى بىلەن باغ بەرپا قىلماقچى بولغان يەرنى ئىنچىكە تاللاپ ، ئىلمىي پىلانلاش كېرەك .

## 2 . مېۋىلىك باغ ئورنىنى تاللاش

تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئىگىلىگەن تەپسىلىي ئەھۋاللارغا ئاساسەن ، باغ ئورنى ۋە مېۋىلىك دەرەخ تۈرلىرى تاللىنىدۇ . بۇنىڭدا مۇنداق ئىككى خىل ئۇسۇل قوللىنىلىدۇ : ئۇنىڭ بىرى ، ئاۋۋال يەرنى بېكىتىپ ئاندىن يەرنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن مۇۋاپىق كېلىدىغان مېۋىلىك دەرەخ تۈرى ياكى سورتى تاللىنىدۇ ؛ يەنە بىرى ، ئالدى بىلەن مېۋىلىك دەرەخ تۈرى ۋە سورتىنى بەلگىلەپ ، ئاندىن مېۋىلىك دەرەخ تۈرى ۋە سورتلىرىنىڭ ئۆسۈش ئادىتى ھەم ئېھتىياجلىق تەبىئىي شەرت ـ شارائىتقا ئاساسەن باغ ئورنى تاللىنىدۇ .

## 3 . كۆچەت تاللاش

كۆچەت ـــ باغ بەرپا قىلىشنىڭ ئاساسى ، كۆچەت سۈپىتىنىڭ قانداق بولۇشى باغ بەرپا قىلىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئامىل . كۆچەت سورتى ياخشى بولسا ، شۇنىڭدەك باغ بەرپا قىلىنىدىغان كۆچەت تۈرى ۋە ياخشى كۆچەت سورتى مۇۋاپىق باغ ئورنىغا تىكىلسە ، مېۋىلىك كۆچەتلەرنىڭ ئۆسۈشى ۋە مېۋىلىشى باشتىن ـ ئاخىر ياخشى ھالەتنى ساقلىيالايدۇ ، شۇنداقلا ئىقتىسادىي ئۈنۈمىمۇ يۇقىرى بولىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئىككىنچى، ئالمىلىق باغلارنى لايىھىلەش ۋە ئالمىلىق باغ بەرپا قىلىش

## 1. ئالما دەرىخىنىڭ مۇھىت ـ شارائىتقا بولغان تەلىپى

1) ھاۋا كىلىماتىغا بولغان تەلىپى

ئالما دەرىخىنىڭ ئەسلىي ماكانى ياۋروپانىڭ ئوتتۇرا قىسمى، شەرقىي جەنۇبى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى بولۇپ، ئۇ تۆت پەسىل ئېنىق، يەنى قىشتا سوغۇق، يازدا ئىسسىق بولىدىغان، ھاۋاسى قۇرغاق ۋە مۆتىدىل، كېچە ـ كۈندۈزلۈك تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ جايلاردا ياخشى ئۆسىدۇ. ئالما دەرىخى كۈندىلىك ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 8~14°C بولىدىغان، بولۇپمۇ 6 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە بولغان ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 18~24°C، 12 ـ ئايدىن كېلەر يىلى 2 ـ ئايغىچە بولغان ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 10~30°C بولىدىغان، كۈن نۇرىنىڭ يىللىق يورۇتۇش ۋاقتى 1400 سائەتتىن ئاشىدىغان رايونلاردا ئۆستۈرۈشكە ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدۇ. نۆۋەتتە، ئالما ئۆستۈرۈشتە قىش پەسلىدىكى ئەڭ تۆۋەن ھاۋا تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 32~33°C، تۇپراق تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 9~12°C بولىدىغان رايونلار شىمالىي ئاخىرقى چەك بولۇۋاتىدۇ. ئالما دەرىخى ئادەتتە نۆلدىن تۆۋەن 20°C لۇق سوغۇققا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. بەزى سوغۇققا چىدامىلىق سورتلار بۇنىڭدىن تۆۋەن سوغۇققىمۇ چىداملىق كېلىدۇ. ئالما دەرىخىنىڭ يىللىق ھۆل ـ يېغىن تەلىپى 500~1000 ml بولۇپ، گۈل پىخلىرىنىڭ شەكىللىنىش، چېچەكلەش، مېۋىسىنىڭ پىشىش مەزگىللىرىدە ھاۋا كىلىماتىنىڭ قۇرغاقراق بولۇشىنى خالايدۇ.

2 ) تۇپراققا بولغان تەلىپى

ئالما دەرىخى نېيترال ياكى كىسلاتا ـ ئىشقارلىق دەرىجىسى 6.7~5.5 بولغان تۇپراقلارنى خالايدۇ ، ئۇنىڭدىن تۆۋەن بولسا ياخشى ئۆسەلمەيدۇ . كىسلاتا ـ ئىشقارلىق دەرىجىسى 7.8 بولغان تۇپراقلاردا تۆمۈر ماددىسى ئېغىر دەرىجىدە كەمچىل بولغاچقا ، ئالما يوپۇرماقلىرى يېشىللىقىنى يوقىتىدۇ . ئالما دەرىخى شورغا چىدامسىز كېلىدۇ ، شور تەركىبى 0.3% تىن تۆۋەن ، ئورگانىك ماددا مىقدارى 1% تىن كۆپ تۇپراقلاردا نورمال ئۆسەلەيدۇ . شۇڭلاشقا ، ئالمىلىق باغ بەرپا قىلىشتا تۇپراق قەۋىتى 60 cm دىن قېلىن ، تەركىبىدە چىرىندى ماددىلار كۆپ ، ئاجىز كىسلاتالىق ياكى نېيترال ، ھاۋا ئۆتكۈزۈشچانلىقى ، سۇ ، ئوغۇت ساقلاشچانلىقى ياخشى يەرلەرنى تاللاش لازىم .

3 ) يەر شەكلىگە بولغان تەلىپى

يەر شەكلى دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىگەنسېرى تېمپېراتۇرا شۇنچە تۆۋەن بولىدۇ . ئادەتتە يەر شەكلى ھەر 100 m ئېگىزلىگەندە تېمپېراتۇرا 0.4~0.6 C تۆۋەنلەيدۇ ، كېچە ـ كۈندۈزلۈك تېمپېراتۇرا پەرقىمۇ چوڭىيىدۇ ، كۈن نۇرىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ ؛ بولۇپمۇ بۇنداق جايلاردا ئۇلترا بىنەپشە نۇر كۈچلۈك بولغاچقا ، مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ غولى پاكارراق ، مېۋە شېخى يىغىنچاق ، مېۋىسىنىڭ قەنت مىقدارى كۆپ ، كىستالىق ۋە ۋىتامىنلىق تەركىبلىرى مول بولىدۇ . ئالمىلىق باغ بەرپا قىلىشتا ، تىكمەكچى بولغان ئالما سورتلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە ماس كېلىدىغان يەرلەر تاللانسا ، شۇ جايلارنىڭ تەبىئىي ئەۋزەللىكىنى تولۇق نامايان قىلغىلى ۋە باغۋەنچىلىككە پايدىلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ .

## 2 . ئالمىلىق باغ بەرپا قىلىش

1 ) باغ ئورنىنى تاللاش

ئاپتونوم رايونىمىز تاغلىق رايونلىرىنىڭ كۆنگەي تاغ ئېتەكلىرىدىكى دېڭىز يۈزىدىن 850~1250 m ئېگىز بولغان يەرلىرى

ئالمىلىق باغ بەرپا قىلىشقا ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدۇ . چۈنكى ، بۇنداق جايلارنىڭ تۇپراق قاتلىمى قېلىن بولۇپ ، شامال ياخشى ئۆتۈشىدۇ . غول ئېغىزلىرىدىن ئۇرغان شامال سوغۇق ھاۋا ئېقىمىنى ھەيدەپ تۇرغاچقا ، قىش مۆتىدىل ، ياز سالقىن بولىدۇ ، كۆچەتلەرنى ئۇششۇك ۋە كېسەللىكنىڭ زىيىنىدىن ساقلىغىلى بولىدۇ .

ياپونىيىنىڭ «قىزىل فۇشى» ئالمىسىغا ئوخشاش جاغدا سورتلارنى دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 900~1000 m بولغان يەرلەرگە ئورۇنلاشتۇرغان ياخشى . تاغلىق رايونلار ياكى تاغقا يېقىن جايلارغا چىلگە ، ئارا پىشار سورتلارنى ئورۇنلاشتۇرسا ، تۈزلەڭلىكلەرگە جاغدا سورتلارنى ئورۇنلاشتۇرسا بولىدۇ .

باغ ئورنى ئۇچۇن سۇغىرىش شارائىتى ياخشى ، قاتناش ـ ترانسپورتى قولايلىق ، بوران ئېغىزىدىن يىراق ، مۆلدۈر ياغمايدىغان ، تۇپرىقى مۇنبەت ، تۇپراق قاتلىمى بىر مېتىردىن قېلىن ، يەر ئاستى سۇ ئورنى 1.5~2 m دىن تۆۋەن ، تۇپرىقى بوش ، تەركىبىدە ئورگانىك ماددىلار مول ، نېيترال يەرلەرنى تاللاش لازىم .

2 ) باغنى پىلانلاش

باغ پىلانى «يەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش ، ماشىنىلاشقان مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش» پرىنسىپىغا ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك . ئومۇمىي كۆلەم ، يەر شەكلى يەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ، تۇپرىقى ، ھاۋا كىلىماتى قاتارلىق شارائىتلارغا ئاساسەن كىچىك رايونلارنى بەلگىلەپ ، يوللىرىنى لايىھىلەپ ، سۇ چىقىرىش ئېرىقلىرى ، ئىھاتە ئورمىنى ، شۇنداقلا ئۆي قۇرۇلۇشى قاتارلىق ئەسلىھەلەرنى ئەستايىدىل پىلانلاش لازىم . ئەمەلىي پىلانلاش تەرتىپلىرى تۆۋەندىكىچە :

(1) كۆچەت تىكىلىدىغان كىچىك رايوننى پىلانلاش : تۈزلەڭلىك رايونلاردا 30~50 مو يەر ، كۆپ بولغاندا 100 مو يەر بىر كىچىك رايون قىلىنىدۇ . يەر شەكلى ۋە تۇپرىقى ئوخشاشمايدىغان كونگەي تاغ ئېتەكلىرى بولسا ، 10~30 مو يەر بىر كىچىك رايون قىلىنىدۇ . كىچىك رايوننىڭ يەر شەكلى تۈزلەڭلىك بولسا ، تىك

تۆتبۇلۇڭ شەكلىدە بولىدۇ ، كۇنگەي تاغ ئېتەكلىرى بولسا ، يەر شەكلىگە ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ ؛ ئۇنىڭ ئۇزۇن تەرىپى تەكشىلىك سىزىقى بىلەن پاراللېل ، كەڭلىكى يانتۇلۇق بىلەن تىك قىلىنىدۇ .

(2) مەشغۇلات يوللىرىنى لايىھىلەش : مەشغۇلات يوللىرى كۆپىنچە ئاساسىي يول ، تارماق يول ۋە كىچىك يولدىن ئىبارەت ئۈچ خىل بولىدۇ . مەشغۇلات رايونى ئىھاتە ئورمان ، سۇ چىقىرىش سىستېمىسى ، توك لىنىيىسى ، ماشىنىلاشقان مەشغۇلات ئورنى قاتارلىقلار ئۆزئارا بىرلەشكەن بولۇشى كېرەك . ئاساسىي يول باغنىڭ چېگراسىغا ، ئاساسىي ئىھاتە ئورمىنىنىڭ يېنىغا ياكى سۇ چىقىرىش ئېرىقىنىڭ بويىغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ ياكى باغنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ . لېكىن ، قانداقلا بولمىسۇن ، بۇ يول باغ سىرتىدىكى تاشيول بىلەن تۇتاشتۇرۇلۇشى لازىم . تارماق يول ئاساسىي يول ۋە مەشغۇلات رايونىغا تۇتىشىدۇ ، بۇ يول كىچىك رايوننىڭ چېگراسىغا جايلاشتۇرۇلۇپ ، كەڭلىكى 4 m ئەتراپىدا قىلىنىدۇ . كىچىك رايوننىڭ ئىچىگە 2~3 m كەڭلىكتە كىچىك يول ئېلىنىپ تارماق يول بىلەن تۇتاشتۇرۇلىدۇ .

(3) ئىھاتە ئورمان بەلۋېغىنى ئورۇنلاشتۇرۇش : ئىھاتە ئورمىنىنىڭ مېۋىلىك دەرەخلەرگە بولغان تەسىرىنى ئازايتىش ئۈچۈن ، جەنۇب ۋە غەرب تەرەپتىكى ئورمان بەلۋېغى بىلەن مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئارىلىقىنى 3~4 m ، شەرق ۋە شىمال تەرەپتىكى ئورمان بەلۋېغى بىلەن مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئارىلىقىنى 2~3 m قىلىش كېرەك . ئىھاتە ئورمان كۆچەتلىرى چوڭ بولغاندىن كېيىن يىلتىز سىستېمىسىنىڭ ئۆزىرىپ باغ ئىچىگە كىرىپ مېۋىلىك دەرەخلەر بىلەن سۇ ، ئوزۇقلۇق تالىشىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ، ئورمان بەلۋېغىدىن 2 m يىراقلىقتا ئوزۇنسىغا چوڭقۇر ئېرىق ئېلىش لازىم .

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا ، ئالمىلىق باغ لايىھىلەشتە ئالما كۆچەتلىرىنىڭ تىكىلىش كۆلىمى ئومۇمىي باغ كۆلىمىنىڭ 80~85% نى ئىگىلىسە ، ئىھاتە ئورمىنى 5~10% نى ئىگىلىسە ، يول 4% نى ئىگىلىسە ، كۆچەتخانا ، قۇرۇلۇش قاتارلىقلار

6% نى ئېگىلىسە مۇۋاپىق بولىدۇ .

3 ) يەرنى تۈزلەش ۋە ئوغۇتلاش

كۆچەتخانا يېرى تاللانغاندىن كېيىن ، كۈز پەسلى يەرنى 20~30 cm چوڭقۇرلۇقتا ئاغدۇرۇش بىللە ھەر مو يەرگە بەش تونغا مەھەللىۋى ئوغۇت بېرىش ھەم ئوغۇتقا ھاشارات ئۆلتۈرگۈچى دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇش لازىم . بۇنداق قىلغاندا زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ كۆچەتلەرگە زىيان سېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ . يەرنى تەكشىلەپ بولغاندىن كېيىن ئۇزۇنلۇقى 10 m ، كەڭلىكى 4~5 m كاندۇك ياسالسا مۇۋاپىق بولىدۇ .

4 ) ئۇرۇقنى تېرىش : ئالما ئۇرۇقى ئادەتتە كۈز ۋە ئەتىيازدا تېرىلىدۇ . ئۇرۇقنى كۈزدە تېرىشقا مۇمكىن بولمىسا كېيىنكى يىلى ئەتىيازدا تېرىشقا توغرا كېلىدۇ . لېكىن ، تېرىلىدىغان ئۇرۇقنى چوقۇم بىخلاندۇرۇش كېرەك . ئالما ئۇرۇقى ئادەتتە 60 كۈن ئەتراپىدا بىخلىنىدۇ . شۇڭا ، ئۇرۇقنى تېرىش ۋاقتىنى توغرا مۆلچەرلەپ ، شۇنىڭغا ئۇلگۇرتۇپ بىخلاندۇرۇش لازىم . بىخلاندۇرۇش ئۇسۇلى مۇنداق : بىر ئۈلۈش ئۇرۇق 3~5 ئۈلۈش پاكىز ، نەم قۇمغا ئارىلاشتۇرۇلىدۇ . قۇمنىڭ نەملىك دەرىجىسى ئالىقانغا ئېلىپ سىققاندا سۇ تامچىمىغۇدەك ، ئالىقاننى ئاچقاندا كالىلىكى بۇزۇلمىغۇدەك دەرىجىدە بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ . ئۇرۇق بىلەن قۇمنى تەكشى ئارىلاشتۇرغاندىن كېيىن ياغاچ ساندۇقلارغا قاچىلاپ ، تېمپېراتۇرىسى 3~7 C لۇق ئۆيگە ياكى كۆكتات ئورىسىغا قويۇلىدۇ . 59~60 كۈندىن كېيىن يەرنىڭ توڭى ئېرىگەندە تېرىلسا بولىدۇ . ئەگەر ھاۋا كىلىماتى ياخشى بولسا ، ئالما ئۇرۇقنى يەر توڭلاشتىن ئىلگىرى كۈزدە تېرىۋەتكەن ياخشى .

ئالما ئۇرۇقنى تېرىش ئادەتتە تاق قۇرلۇق تېرىش ۋە جۈپ قۇرلۇق تېرىش دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ .

تاق قۇرلۇق تېرىشتا قۇر ئارىلىقى 60 cm قىلىنىپ ، 3~4 cm چوڭقۇرلۇقتا چۆنەك ئېچىلىپ تېرىلىدۇ . ئۇرۇق تېرىلغاندىن كېيىن ئۈستى تولۇق چىرىتىلگەن ئوغۇت بىلەن تەكشى يېپىلىدۇ . چىرىگەن ئورگانىك ئوغۇت نەملىك ۋە ئىسسىقلىقنى

ساقلىيالايدۇ، كۆچەتلەرنىڭ ئۆسۈشىدىكى ئوزۇقلۇق ئېھتىياجىنى قامدايدۇ. تېرىلغان ئورۇقنىڭ ئۈستى توپا بىلەن كۆمۈلسە، تۇپراق يۈزى قېتىۋېلىپ ئورۇقنىڭ ئۈنۈشىگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ. كۆچەتخانا نەملىكى ئورۇقنىڭ ئۈنۈپ چىقىشىدىكى ئېھتىياجىنى يېتەرلىك قاندۇرۇشى شەرت. شۇڭا، كۆچەتخانا يەرلىرى كۈزدە قاندۇرۇپ ئوسا قىلىنىدۇ.

ئەگەر ئەتىيازدا يەر قۇرۇپ تۇپراق ئاقىرىپ كەتسە، ئورۇقنىڭ ئۈنۈشىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. ناۋادا ئورۇق تېرىلغاندىن كېيىن مۇشۇنداق ئەھۋال يۈز بەرسە، دەرھال ئۈستىدىن پۈركۈپ سۇغىرىش لازىم. شۇڭلاشقا، كۆچەتخانا يەرلىرىنىڭ سۇغىرىشقا قولايلىق، سۇ مەنبەسىگە يېقىن ئورۇنلاردىن بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

ئورۇقنى جۈپ قۇرلۇق تېرىشتا ئورۇق كۆپرەك سەرپ بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، قارىماققا كۆپرەك كۆچەت ئېلىشقا بولىدىغاندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە تاق قۇرلاپ تېرىغاندىكىدەك ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ؛ كۆچەت يېتىشتۈرۈش مەزگىلىدە ئۆلانغان كۆچەتلەرنىڭ بەزىلىرى بالدۇر، بەزىلىرى كېيىنرەك يېتىلگەچكە، بالدۇر يېتىلگەن كۆچەتلەر ئاجىزلىرىنىڭ ئۆسۈشىنى چەكلەپ قويىدۇ؛ ئاجىز كۆچەتلەر يورۇقلۇق تالىشىپ قىڭغىر ـ سىڭغىر ئۆسۈپ قالىدۇ؛ ئۆلانغان كۆچەتلەرنى ئوغۇتلاش، تۇۋىنى يۇمشىتىش، دورا پۈركۈش قاتارلىق پەرۋىشلىرىنى ئىشلەش قولايسىز بولىدۇ. بۇنداق جۈپ قۇرلۇق يېتىشتۈرۈلگەن كۆچەتلەرنىڭ كۆچلۈك ئۆسكەنلىرى تاللىنىپ يۆتكەپ كېتىلىدۇ. ئاجىزلىرى كۆچەتخانىدا يەنىلا تۇرىۋەرگەچكە، يەردىن تولۇق پايدىلىنىشقا تەسىر يېتىدۇ.

### 3. ئالما كۆچىتى يېتىشتۈرۈش

1) كۆچەتخانا يېرىنى تاللاش

كۆچەتخانا يېرى ئۈچۈن تۇپرىقى مۇنبەت، تۈز، تەكشى، يورۇقلۇق تولۇق چۈشىدىغان يەرلەرنى تاللاش كېرەك. سۇ پەتلىك

ئالما كۆچەتلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە توشۇشقا قۇلايلىق بولسۇن ئۈچۈن ، كۆچەتخانا يېرىنى تاللاشتا تۆۋەندىكىلەرگە ئاساسلىنىش لازىم :

(1) قاتنىشى قۇلايلىق ، يەنى تاشيولغا يېقىن ياكى يېزا ـ كەنتلەرنىڭ ئاساسلىق يوللىرىغا يېقىن يەرلەرنى تاللاش لازىم .

(2) يەر شەكلى ئېگىز ، قۇرغاق ، تەكشى ، مەشغۇلات ئېلىپ بېرىشقا قۇلايلىق ، تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشىدىن ياكى سۇ يىغىلىپ قېلىشتىن ساقلانغىلى ، ئۇششۇك زىيىنىنى ئازايتقىلى بولىدىغان ، كۈن نۇرى تەكشى چۈشىدىغان ، كۆچەتلەر تەكشى ئۆسەلەيدىغان يەرنى تاللاش لازىم .

(3) تۇپراق قاتلىمى قېلىن ، يۇمشاق ، سۇ ، ھاۋا ئۆتكۈزۈشچانلىقى ياخشى ، مۇنبەت ، قۇمساڭ ئەت تۇپراقلىق يەرنى تاللاش لازىم .

(4) كۆچەتلەرنىڭ ساغلام ئۆسۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ، سۇ مەنبەسى يېتەرلىك ، سۇغىرىشقا ۋە توختام سۇلارنى چىقىرىۋېتىشكە قۇلايلىق يەرنى تاللاش لازىم .

2) ئالما كۆچەتلىرىنى تىكىش

(1) يەر تەكشىلىنىپ ئورەك كولىنىدۇ . تاغلىق رايونلاردىكى كونگەي يانتۇ يەرلەردە باغ بەرپا قىلىشتا ، ئوخشاش ئېگىزلىك سىزىقنى بويلاپ گورىزونتال تەكشىلىك بويىچە پەلەمپەي ئېتىز ياساش ياكى خەندەك كولاش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ . خەندەك تېگىنىڭ كەڭلىكى 1.5~2 m قىلىنىدۇ ؛ قۇر ، تۈپ ئارىلىقىغا ئاساسەن ، رەتلىك قىلىپ $0.8\ m^3$لىق ئورەك كولىنىدۇ . ئالما زىچ ئۆستۈرۈلىدىغان باغلاردا ئورەكنىڭ كەڭلىكىنى 1 m ، چوڭقۇرلۇقىنى 0.8 m قىلسا بولىدۇ . ئالما كۆچەتلىرىنىڭ تىكىلىش زىچلىقى ئۆستۈرۈش شەكلى ۋە ئالما سورتلىرىغا ئاساسەن ئوخشاش بولمايدۇ . مەسىلەن ، ئالما دەرىخى ياتما شەكىلدە ئۆستۈرۈلمەكچى بولسا ، قۇر ئارىلىقى 5 m ، تۈپ ئارىلىقى 6 m قىلىنىدۇ . بۇنىڭدا ھەرمو يەرگە 22 تۈپ كۆچەت تىكىلىدۇ ؛ تىك ئۆستۈرۈلسە ، ئۇ

ھالدا قۇر ئارىلىقى 5 m ، تۈپ ئارىلىقى 4 m قىلىنىپ ، ھەرمو يەرگە 33 تۈپ كۆچەت تىكىلىدۇ . ياتما شەكىلدە پاكارلاشتۇرۇپ ئۆستۈرۈلسە ، قۇر ئارىلىقى 3 m ، تۈپ ئارىلىقى 2~3 m قىلىنىپ ، ھەرمو يەرگە 74~111 تۈپ كۆچەت تىكىلىدۇ ؛ تىك پاكارلاشتۇرۇپ ئۆستۈرۈلسە ، قۇر ئارىلىقى 3 m ، تۈپ ئارىلىقى 2 m قىلىنىپ ، ھەرمو يەرگە 111 قۇر كۆچەت تىكىلىدۇ . ئورەكنى كولىغاندا چىققان ئۈستۈنكى قەۋەت توپىسى بىلەن ئاستىنقى قەۋەت توپىسىنى ئۆزئارا ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ . چۈنكى ، كۆچەت-نى قويۇۋېلىپ ئورەكنى قايتا تىندۇرۇشتا ، ئالدى بىلەن ئۈستى قەۋەت توپىسى ئوغۇت بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئورەكنىڭ ئاستىغا ، ئەت تۇپراق ئوغۇت بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئۈستىگە تىندۇرۇلىدۇ . ھەربىر ئورەككە ئورگانىك ئوغۇتتىن 30~50 kg بېرىلسە ، ئورەك-نىڭ قايتا تىندۇرۇلۇش چوڭقۇرلۇقى يەر يۈزىگە 30~40 cm قالدۇرۇلسا مۇۋاپىق بولىدۇ .

(2) چاڭلاشتۇرغۇچى سورتلارنى سەپلەش : ئالما ، نەشپۈت ، ئالۇچا ، ئۆرۈك ، ياڭاق ، ئەنجۈر ، دولانا قاتارلىق كۆپلىگەن مېۋە-لىك دەرەخلەردە چېچەكلىسىمۇ مېۋىلىمەسلىك ياكى ناھايىتى ئاز مېۋىلەش ھادىسىلىرى كۆرۈلىدۇ . شۇڭلاشقا ، ئالمىلىق باغلاردا چاڭلاشتۇرغۇچى سورتلارنى سەپلەشكە توغرا كېلىدۇ . ئادەتتە چاڭ-لاشتۇرغۇچى دەرەخ سورتى ئاساسىي سورت بىلەن بىرلا ۋاقىتتا چېچەكلەيدىغان ،بىخ ھاسىل قىلىش نىسبىتى يۇقىرى ، گۈل چېڭى ھاسىل قىلالايدىغان ، ئاساسىي سورت بىلەن بىرلا ۋاقىتتا مېۋىلەش يېشىغا كىرەلەيدىغان بولۇشى ھەمدە ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگە-لىنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى ئۆزئارا يېقىن بولۇشى ، ھەر يىلى چېچەكلەيدىغان بولۇشى ، ئاساسىي سورت بىلەن چاڭلاشقاندىن كې-يىن مېۋىلىمەيدىغان ئەھۋال كۆرۈلمەسلىكى ، ئىقتىسادىي قىممە-تى يۇقىرى مېۋە ھاسىل قىلالىشى ، ئەڭ ياخشى ئاساسىي سورت بىلەن ئۆزئارا چاڭلىششى ھەمدە مېۋىسىنىڭ پىشىش مەزگىلى ئوخشاش بولۇشى كېرەك . شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئالما-

لىق باغ بەرپا قىلىشتا تۈۋەندىكى ئاساسىي سورت ۋە چاڭلاشتۇرغۇچى سورتلاردىن پايدىلىنىلسا بولىدۇ. مەسىلەن، «يېڭى يۇلتۇز» سورتىغا «ئالتۇنتاج»نى؛ «ئالتۇنتاج»غا «يېڭى يۇلتۇز» نى؛ «چاڭخۇ ـ 2»گە «ئالتۇنتاج»، «يېڭى يۇلتۇز»لارنى؛ «بېيخەيداۋ ـ 9»غا «ئالتۇنتاج»، «يېڭى يۇلتۇز»لارنى؛ «چياۋناجىن»غا «ئالتۇنتاج»، «يېڭى يۇلتۇز»لارنى؛ «يېڭى مارشال» غا «كۆزلۈك ئالما»، «تاج»لارنى؛ «يېڭى تاج»غا «كۆزلۈك ئالما»، «تاج»لارنى چاڭلاشتۇرغۇچى سەپلىمە سورت قىلسا بولىدۇ. ئاساسىي سورت بىلەن چاڭلاشتۇرغۇچى سەپلىمە سورتنىڭ نىسبىتى 1:5~4 بولسا، يەنى 4 ~ 5 تۈپ ئاساسىي سورت ئۈچۈن بىر تۈپ چاڭلاشتۇرغۇچى سورت تىكىلسە بولىدۇ. پەرۋىشكە قۇلايلىق بولۇش ئۈچۈن، بىر باغدا ئادەتتە ئىككى ـ ئۈچ خىل سورت ئۆستۈرۈش كېرەك.

(3) ئالما كۆچەتلىرىنى تالاش: ئالمىلىق باغ بەرپا قىلىشتا تىكىلىدىغان كۆچەتلەر دۆلەتلىك ئۆلچەمنىڭ 1 ـ دەرىجىسىگە يېتىشى كېرەك، يەنى كۆچەتنىڭ ئېگىزلىكى 1.2~1.5 m، غول دىئامېتىرى 1.2 cm دىن توم، يىلتىزلىرى تەرەققىي قىلغان، يان يىلتىزلىرى بەش تالدىن كۆپ، 20 cm دىن ئۇزۇن بولۇشى كېرەك. شەكىلگە كەلتۈرۈشتە، تەكشىلىكتىكى تولغان بىخى سەككىزدىن كۆپ بولۇشى، كۆچەت يېڭى، سۇيى قاچمىغان، يۇقۇملۇق كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىمىغان بولۇشى كېرەك. كۆچەتلەرنى يىراقتىن يۆتكەپ كېلىشكە توغرا كەلگەندە، يۇقىرىقى ئۆلچەملەرگە ئەمەل قىلغاندىن باشقا يەنە مۇۋاپىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، كۆچەتلەرنىڭ قۇرۇپ قېلىش، زەخىملىنىش ئەھۋاللىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تىكىشتىن ئىلگىرى كۆچەت يىلتىزىنى بىر ـ ئىككى كۈن سۇغا چىلاپ ئاندىن دورا بىلەن دېزىنفېكسىيە قىلىپ، يېڭى قىغدىن ئىككى گۈرجەك، ئەت توپىدىن ئۈچ گۈرجەك ۋە بىر چېلەك سۇ بىلەن تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ سۇيۇق پاتقاق ياساپ، كۆچەت يىلتىزىنى

شۇنڭغا چىلىۋېتىپ تىكىش لازىم . BT يىلتىز ئۆستۈرۈش دورد-
سى قاتارلىق دورىلارنىڭ رولىدىن پايدىلانسىمۇ بولىدۇ .

## 4 . ئالما دەرىخىنى شەكىلگە كەلتۈرۈپ چاتاش

ئالما دەرىخى كۆپ يىل ئۆسىدىغان ، كۆپ شاخلايدىغان ، كۆپ ئەزالىق ئۆسۈملۈك بولۇپ ، ئۆسۈپ يېتىلىشىنىڭ ھەرقايسى مەز-گىللىرىدە ھوسۇللۇق يىل پەرقى چوڭ بولۇش ، ھوسۇلسىز يىلى كۆپ كۆرۈلۈش ، چېچەك - غورىلىرى تۆكۈلۈپ كېتىش ، ئاستى قىسمى تاقىر بولۇپ قېلىش قاتارلىق ئۆسۈشى بىلەن مېۋىلىشى ماسلىشالماسلىق ھادىسىلىرى كۆرۈلىدۇ . بۇنداق ھادىسىلەرنىڭ كۆرۈلۈشىنى ئالما دەرىخىنى چاتاش ئارقىلىق تۈگەتكىلى بولىدۇ . ئالما دەرىخىنى چاتىغاندا بالدۇر مېۋىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ ، مېۋىلەش ئۆمرىنى ئۇزارتقىلى ، مەھسۇلاتىنى ئاشۇرغىلى ، شامال ، يورۇقلۇق ئۆتۈشۈش شارائىتىنى ياخشىلاپ ، كېسەللىك - زىيان-داش ھاشاراتلارنى ئازايتقىلى ، دەرەخلەرنىڭ ئاپەتكە چىدامىلىقلىقد-ى كۈچەيتكىلى ، مېۋە سۈپىتىنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ .

ئالما دەرىخىنى شەكىلگە كەلتۈرۈپ چاتاشتا ، باراقسىنى كە-چىكلىتىلگەن شالاڭ قەۋەتلىك دەرەخ شەكلى ۋە شالاڭ قەۋەتلىك دەرەخ شەكىللىرى قوللىنىلىدۇ . نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىز ئال-مىلىق باغلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە مۇشۇ ئىككى خىل دەرەخ شەكلى قوللىنىلماقتا .

1 ) ياش تۈپلەرنى شەكىلگە كەلتۈرۈپ چاتاش

(1 ) دەرەخ غولىنى مۇقىملاشتۇرۇش : كۆچەتلەر تىكىلگەن-دىن كېيىن شۇ يىلى ئەتىيازدا غول ئېگىزلىكى 70～80 cm قالدۇرۇلۇپ كېسىۋېتىلىدۇ ، ئەمما كېسىك ئېغىزىنىڭ تۆۋەن تە-رىپىدىكى 20 cm دائىرىدە تولغان بىخى بولۇشى كېرەك (بۇ دائىرە شەكىلگە كەلتۈرۈش بەلۋېغى دېيىلىدۇ ) . بۇ بىخلاردىن ئۆسۈپ چىققان شاخلاردىن بىرىنچى قەۋەتتىكى ئاساسىي شاخلار تاللىنىدۇ .



[library stamp]

غولنى مۇقىملاشتۇرغاندا، كېسەك ئاغزىغا يېقىن 1 ـ بىخنى شامال يۆنىلىشىگە قارشى تەرەپتە قالدۇرۇش كېرەك. بۇنداق قىلغاندا يېڭى نوتىنىڭ شامال تەسىرىدىن ئەگرى ئۆسۈشى ياكى سۇنۇپ كېتىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. بىخ سۇرۇش، شاخ ھاسىل قىلىش ئىقتىدارى ئاجىز سورتلارنىڭ غولىنى بىر قېتىمدىلا مۇقىملاشتۇرماستىن، 1 ـ قېتىم بەلگىلەنگەن غول ئېگىزلىكىدىن 10 cm ئارتۇق قالدۇرۇپ مۇقىملاشتۇرۇپ، بىخ سۇرۇپ يوپۇرماق چىقارغاندا ئارتۇق قالدۇرۇلغان 10 cm ئۇزۇنلۇقتىكى بۆلەكىنى 2 ـ قېتىم كېسىۋەتسە، بىخ سۇرۇش ۋە شاخ ھاسىل قىلىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتكىلى بولىدۇ. غولنى مۇقىملاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن شەكىلگە كەلتۈرۈش بەلۋېغى ئىچىدىكى يېڭى نوتىلار ئىختىيارىي ئۆستۈرۈلىدۇ. تۆۋەن تەرەپتىن كۆكلەپ چىققان يېڭى نوتىلارنىڭ كۈچلۈكلىرىنىڭ ئۇچىنى ئۈزۈپ ئۆسۈشىنى تىزگىنلەش، باشقا نوتىلارغا تەگمەسلىك لازىم. بۇنداق قىلىش دەرەخنىڭ ئۆسۈشى ۋە بالدۇر مېۋىلىشىگە پايدىلىق.

(2) 1 ـ يىلى قىشلىق چاتاش: كۆچەت تىكىلگەن يىلى قىشتا ئۈچىدىكى كۈچلۈك ئۆسكەن بىر تال شاخ مەركىزىي غول قىلىنىپ 40 cm ئۇزۇنلۇقتا قالدۇرۇلىدۇ. شەكىلگە كەلتۈرۈش بەلۋېغى دائىرىسىدىكى ئايرىلىش بۇلۇڭى چوڭراق، يۆنىلىشى ئوخشاش بولمىغان يۇقىرى ـ تۆۋىنىدە مەلۇم ئارىلىق بولغان ئۈچ تال شاخ 1 ـ قەۋەتتىكى ئاساسىي شاخ قىلىنىپ، ھەرقايسىسى 35 cm ئۇزۇنلۇقتا قالدۇرۇلىدۇ. كېسەك ئاغزىدىكى بىخ سىرتىغا قارىغان بىختىن قالدۇرۇلىدۇ. ئەگەر ئۈچ تال ئاساسىي شاخنى بىرلا ۋاقىتتا قالدۇرۇشقا مۇمكىن بولمىسا، 3 ـ ئاساسىي شاخ 2 ـ يىلى تاللاپ قالدۇرۇلىدۇ. غولى مۇقىملاشتۇرۇلغاندىن كېيىن كېسەك ئاغزىنىڭ تۆۋىنىدىكى 2 ـ بىختىن چىققان شاخ رىقابەتچى شاخ دېيىلىدۇ، ئۇ مەركىزىي غولدىن ئاجىز بولسا شالاڭلاشتۇرۇلىدۇ ياكى ئىككى ـ ئۈچ تال بىخ قالدۇرۇلۇپ بەكرەك قىسقارتىلىدۇ؛ مەركىزىي غول بىلەن ئۆسۈشى ئوخشاش بولسا

رىقابەتچى شاخ بەكرەك چاتىلىدۇ . رىقابەتچى شاخنىڭ ئۆسۈش ھالىتى مەركىزىي غولدىن كۈچلۈك بولسا ، ئۇ ھالدا مەركىزىي غول كېسىپ تاشلىنىپ ، رىقابەتچى شاخ مەركىزىي غول قىلىنىدۇ . تاللانغان مەركىزىي غول ۋە 1 ـ قەۋەتتىكى ئۈچ تال ئاساسىي شاختىن باشقا شاخلارنى ئىمكانقەدەر قوشۇمچە تەربىيىلىنىدىغان شاخ قىلىپ قالدۇرۇش ، بۇلاردىن 30 cm دىن قىسقا شاخلارغا تەگمەسلىك ، ئۇزۇنلۇقى 30 cm دىن ئۇزۇن شاخلارنى مۇۋاپىق قىسقارتىپ چاتاش ، تۈز قىلىپ بېسىش ياكى باشقا شاخلارنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە ئېلىپ قويۇش ئارقىلىق تىزگىنلەش لازىم .

(3) 2 ـ يىلى قىشلىق چاتاش : مەركىزىي غولنىڭ ئۈچىدىكى تىك ، ساغلام ئۆسكەن شاخ مەركىزىي غولدىن ئۈزۈلۈپ ئۆسكۈچى شاخ قىلىنىپ ، 40～50 cm ئۇزۇنلۇقتا قالدۇرۇلىدۇ . ئالدىنقى يىلى تاللاپ قالدۇرۇلغان 1 ـ قەۋەتتىكى ئۈچ تال ئاساسىي شاختىن ئۈزۈلۈپ ئۆسكەن شاخلار 35 cm ئەتراپىدا قالدۇرۇلىدۇ ۋە كېسىك ئاغزىنىڭ تۆۋىنىدىكى 3 ـ بىخى چەت ياننىڭ تۆۋەن تەرىپىدە قالدۇرۇلۇپ ، كېيىن دۈمبىسىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىن يانتۇ ئۆسكەن 1 ـ يان شاخ قىلىپ يېتىشتۈرۈلىدۇ . رىقابەتچى شاخلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش بولىدۇ . ھارام شاخلار ۋە ئاساسىي غولنىڭ تۆۋىنىدىن چىققان شاخلار چاتىۋېتىلىدۇ ، بەك زىچ ئۆسكەن شاخلار شالاڭلاشتۇرۇلىدۇ . كۈچلۈك شاخلار بېسىش ، قۇم خالتا ، خىش ـ كېسەكلەرنى ئېسىپ قويۇش ياكى يۆگەپ قويۇش ئارقىلىق كونترول قىلىنىدۇ .

(4) 3 ـ يىلى قىشلىق چاتاش : مەركىزىي غولدىن ئۈزۈلۈپ ئۆسكۈچى شاخ 50～60 cm قالدۇرۇلىدۇ . 100 cm ئەتراپىدىكى قەۋەت ئارىلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ، شۇ يىلى 2 ـ قەۋەت ئاساسىي شاخلىرى تاللاپ قالدۇرۇلمايدۇ . مەركىزىي غولدىن ئۆسۈپ چىققان شاخلار قوشۇمچە تەربىيىلىنىدىغان شاخ قىلىپ قالدۇرۇلۇپ ، زىچ ئۆسكەنلىرى شالاڭلىتىلىدۇ . 1 ـ قەۋەتتىكى ئاساسىي شاخلاردىن ئۈزۈلۈپ ئۆسكەن شاخلار 40～50 cm



شىنجاڭ داشۆ كىتابخانىسى
新疆大学图书馆

ئۈزۈنلۈقتا قالدۇرۇلىدۇ. كېيىنكى ئاغزىنىڭ تۆۋىنىدىكى 3 ـ بىخ 3 ـ يان شاخ تەرەپكە قالدۇرۇلىدۇ ھەمدە ئالدىنقى يىلقى كېيىنكى ئاغزىنىڭ تۆۋىنىدىكى 3 ـ بىختىن ئۆسۈپ چىققان شاخ 1 ـ يان شاخ قىلىنىپ، 30~40 cm ئۈزۈنلۈقتا قالدۇرۇلىدۇ. رىقابەتچى شاخلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش بولىدۇ. 1 ـ يان شاختىن باشقا ئاساسىي شاخلاردا ئۆسكەن شاخلارمۇ ئىمكانقەدەر قالدۇرۇلىدۇ. بەك زىچ ئۆسكەن شاخلار مۇۋاپىق شالاڭلىتىلىدۇ، كۈچلۈك ئۆسكەن شاخلار بەكرەك چاتىلىدۇ، باشقا شاخلار قويۇپ بېرىلىپ گۈل بىخىنىڭ ھاسىل بولۇشى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

(5) 4 ـ يىلى قىشلىق چاتاش: مەركىزىي غولنىڭ ئۈچىدىكى ساغلام، تىك ئۆسكەن شاخ يانغا ئۈزىرىپ ئۆسكۈچى شاخ قىلىنىپ 50 cm چە ئۈزۈنلۈقتا قالدۇرۇلىدۇ ھەمدە 1 ـ قەۋەتتىكى ئاساسىي شاخنىڭ يۇقىرىسىدىكى بوشلۇقتىن 2 ـ قەۋەتتىكى ئىككى تال ئاساسىي شاخ تاللاپ چىقىلىپ 40~50 cm ئۈزۈنلۈقتا قالدۇرۇلىدۇ. 1 ـ قەۋەتتىكى 3 ـ ئاساسىي شاخ بىلەن 2 ـ قەۋەتتىكى 1 ـ ئاساسىي شاخنىڭ ئارىلىقى 80 cm ئەتراپىدا بولسا بولىدۇ. 1 ـ قەۋەتتىكى ئاساسىي شاخلاردىن 2 ـ يان شاخ تاللاپ چىقىلىدۇ. رىقابەتچى شاخ، تىك، كۈچلۈك ئۆسكەن شاخلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش بولىدۇ.

(6) 5 ـ، 6 ـ يىللىرى قىشلىق چاتاش: مەركىزىي غولدىن ئۈزىرىپ ئۆسكۈچى شاخ ھەر يىلى 50 cm چە ئۈزۈنلۈقتا قالدۇرۇلىدۇ. ئاساسىي شاختىكى ئۈزىرىپ ئۆسكۈچى شاخ 40~50 cm ئۈزۈنلۈقتا قالدۇرۇلىدۇ. 5 ـ يىلى 1 ـ قەۋەتتىكى ئۈچ تال ئاساسىي شاخنىڭ 3 ـ يان شېخى، 2 ـ قەۋەتتىكى ئىككى تال ئاساسىي شاخنىڭ 1 ـ يان شېخى تاللاپ چىقىلىدۇ. 6 ـ يىلى 3 ـ قەۋەتنىڭ بىر تال ئاساسىي شېخى تاللاپ چىقىلىدۇ.

2) يازلىق چاتاش

ئۆسۈش بىلەن مېۋىلەش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنى يازلىق



[library stamp]

چاتاش ئارقىلىق ھەل قىلىپ، يوپۇرماق بىلەن مېۋىنىڭ نىسبىتى-
نى تەڭشىگىلى، دەرەخ ھالىتىنى تەڭشەپ، تىك ئۆسكەن شاخلارنى
كونترول قىلىپ مېۋە شېخى گۇرۇپپىلىرىنى يېتىشتۈرگىلى،
يورۇقلۇق ۋە ھاۋا ئۆتۈشۈش شارائىتىنى ياخشىلىغىلى، ياش دە-
رەخلەرنى بالدۇرراق مېۋىلەتكىلى، بولۇق مېۋە بەرگەن دەرەخلەر-
نىڭ مېۋە سۈپىتىنى ياخشىلىغىلى، ھوسۇللۇق - ھوسۇلسىز يىل
پەرقىنى كىچىكلەتكىلى بولىدۇ. شۇڭلاشقا، ئالمىنى يازلىق چا-
تاشمۇ قىشلىق چاتاشقا ئوخشاشلا ئىنتايىن مۇھىم.

(1) چېچەكلەشتىن ئىلگىرىكى چاتاش: يەنى چېچەك غۇنچى-
سى ئېنىق بولغاندىن تارتىپ چېچەكلىگۈچە بولغان مەزگىلدە چاتى-
لىدۇ. قىشلىق چاتاش جەريانىدا چېچەك بىخلىرى ئېنىق
تۇقىملاشتۇرۇلماي كۆپ قالدۇرۇلغان بولسا، بۇ مەزگىلدە چېچەك
بىخلىرى زىچ بولۇپ كەتكەن قىسقا مېۋە شاخلىرى 3 ~ 5 تال
چېچەك بىخى قالدۇرۇلۇپ كېسىۋېتىلىدۇ.

(2) بىخنى سىيرىش: پايدىلىنىش قىممىتى بولمىغان يو-
پۇرماق بىخلىرى ئەتىيازدا سىيرىپ تاشلىنىدۇ. مەسىلەن، غولنى
تۇقىملاشتۇرغاندىن كېيىن شەكىلگە كەلتۈرۈش بەلۋېغىنىڭ ئاستى
تەرىپىدىن چىققان بىخلار، ئاساسىي شاخلاردىكى ئارتۇق بىخلار
سۈرۈپ چىققان ھامان سىيرىپ تاشلىنىدۇ.

(3) نوتىنى بۇراش: 5 - ئاينىڭ ئاخىرى ۋە 6 - ئاينىڭ
باشلىرى يېڭى نوتىلارنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تۇتۇپ 180° تۆۋەنگە
قايرىغاندا، نوتىلارنىڭ ئۆسۈش ھالىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ چېچەك
بىخىنى شەكىللەندۈرگىلى بولىدۇ.

(4) ئۇچىنى ئۈزۈش: ياش كۆچەتلەردە يېڭى نوتىلار ئۆسۈپ
40~50 بولغاندا ئۇچىنى چىمدىپ ئۈزۈۋەتسە، قوشۇمچە شاخ-
لارنىڭ ئۆسۈشىنى تېزلىتىپ، دەرەخنى بالدۇر شەكىلگە كەلتۈر-
گىلى، ئۆسۈش ھالىتىنى پەسەيتكىلى بولىدۇ. كۈزدە يېڭى نوتىلار
ئۆسۈشتىن توختاشتىن ئىلگىرى (9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا)
ئۇچىنى ئۈزۈۋەتكەندە، يېڭى نوتىلار سوغۇقتا ئۆسۈپ تولۇق ياغاچ-

لىشىدۇ، قىشتا ئۇششۇپ كەتمەيدۇ. تىك ئۆسكەن شاخلارنىڭ ئۇچىنى بىرنەچچە قېتىم ئۈزۈۋەتكەندە چېچەك بىخى ئاسان شەكىللىنىدۇ.
(5) قىسقارتىپ چاتاش: تىك ئۆسكەن يېڭى نوتىلارنى 5 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن 6 - ئاينىڭ باشلىرىغىچە ئارىلىقتا قىسقارتىپ چاتاش ئارقىلىق مېۋە شېخى گۇرۇپپىلىرىنى يېتىشتۈرگىلى بولىدۇ. تۈۋى تاقىر بولۇپ قالغان كۆپ يىللىق شاخلارنى قىسقارتىپ چاتىغاندا ئوتتۇراھال ۋە قىسقا شاخلار كۆپلەپ ئۆسۈپ چىقىدۇ، بۇ شاخلارنىڭ بەزىلىرى چېچەك بىخى ھاسىل قىلىپ، كېيىنكى يىلى مېۋىلەيدۇ.
3) تايانچ شاخلارنىڭ بولۇقىنى چوقايتىش
ياش كۆچەتلەرنىڭ ئۆسۈشى كۈچلۈك بولۇپ، ئاساسىي ۋە يان شاخلارنىڭ ئايرىلىش بولۇقى كىچىك بولىدۇ. 5 - ، 6 - ئايلاردا شاخلارنى تارتىش، ئېسىپ قويۇش، تۈۋەنگە ئېتتىرىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق تايانچ شاخلارنىڭ بولۇقى چوقايتىلىدۇ. باشقا تىك ئۆسكەن كۈچلۈك شاخلارنىڭ بولۇقى يۇقىرىقى ئۇسۇلدا چوقايتىلىدۇ. بۇنداق قىلىش چېچەك بىخلىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە پايدىلىق.
4) قوۋزىقىنى ھالقىسىمان سويۇش
قوۋزىقىنى ھالقىسىمان سويغاندا باراقسان ئۆسكەن شاخلارنىڭ ئۆسۈشىنى كونترول قىلىپ، ئوزۇقلۇقنىڭ ئىسراپ بولۇشىدىن ساقلانغىلى، چېچەك بىخلىرىنىڭ شەكىللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مېۋە مەھسۇلاتىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئالمىنىڭ چېچەكلىرى تۆكۈلگەن مەزگىلدە، يەنى 5 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن 6 - ئاينىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئالمىنىڭ قوۋزىقى ھالقىسىمان سويۇلىدۇ، بەك كېچىكىپ كەتسە ئۈنۈمى ياخشى بولمايدۇ. قوۋزاقنىڭ ھالقىسىمان سويۇلۇش كەڭلىكى شاخ دىئامېتىرىنىڭ ئوندىن بىرىگە تەڭ ياكى ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بولىدۇ.

# ئۈچىنچى، نەشپۈتلۈك باغلارنى لايىھىلەش ۋە نەشپۈتلۈك باغ بەرپا قىلىش

## 1. نەشپۈت دەرىخىنىڭ مۇھىت ـ شارائىتقا بولغان تەلىپى

1) تۇپراققا بولغان تەلىپى

نەشپۈت دەرىخىنىڭ يىلتىزلىرى تەرەققىي قىلغان بولىدۇ، شۇڭا تۇپراقنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن سۇ ۋە ئوزۇقلۇقلارنى شۈمۈرۈۋېلىپ ئېھتىياجىنى قامدايدۇ؛ قۇرغاقچىلىققا، شورغا، مۇنبەتسىزلىككە، كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيىنىغا چىداملىق كېلىدۇ. ئەمما، سۈپەتلىك، يۇقىرى مەھسۇلات بېرىش ئۈچۈن تۇپراق قاتلىمىنىڭ قېلىن، يۇمشاق، يەر ئاستى سۈيى ئورنىنىڭ 1.5m دىن تۆۋەن، تۇپراق تۇز تەركىبىنىڭ 0.3% تىن ئاز، ئورگانىك ماددا مىقدارىنىڭ مول بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

2) سۇغا بولغان تەلىپى

نەشپۈت دەرىخى گەرچە قۇرغاقچىلىققا چىداملىق بولسىمۇ، فىزىئولوگىيىلىك پائالىيىتىنى ئېلىپ بېرىشتا مۇئەييەن دەرىجىدە سۇنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. مەسىلەن، مېۋىسىدە 87.14%، يوپۇرمىقىدا 70%، شاخ ـ نوتىلىرىدا 50~70%، يىلتىزىدا 50% ئەتراپىدا سۇ بولىدۇ. شۇڭلاشقا، ھەربىر مو نەشپۈتلۈكنى يىلىغا 400~600 توننا سۇ بىلەن سۇغىرىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمما، باغلارغا سۇ يىغىلىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم.

3) يورۇقلۇققا بولغان تەلىپى

نەشپۈت دەرىخى يورۇقلۇقنى خالايدىغان مېۋىلىك دەرەخ بو-

لۇپ ، قوياشنىڭ يىللىق يورۇتۇش ۋاقتى 1600 ~ 1700 سائەت
بولسا ، ئۇنىڭ يورۇقلۇققا بولغان تەلىپىنى قاندۇرالايدۇ . شىنجاڭ-
دا قوياشنىڭ يىللىق يورۇتۇش ۋاقتى 2700 ~ 3400 سائەت
بولۇپ ، نەشپۈت دەرىخىنىڭ يورۇقلۇققا بولغان تەلىپىنى
تامامەن قاندۇرالايدۇ .
يورۇقلۇق يېتەرلىك بولسا ، نەشپۈت دەرىخىنىڭ يوپۇرماقلى-
رى توق يېشىل ، ئوزۇقلۇق ماددىلارنىڭ توپلىنىشى كۆپ ، چېچەك
بىخلىرىنىڭ ھاسىل بولۇشى كۆپ ، مېۋىسى رەڭدار ، سۈپىتى
ياخشى بولىدۇ ؛ ئەگەر يورۇقلۇق يېتىشمىسە ، يوپۇرماقلار سارغى-
يىپ ، نېپىزلىشىپ ، شاخ - نوتىلىرى ئىنچىكە ، بوغۇم ئارىلىقلى-
رى ئۇزۇن بولۇپ قالىدۇ ، گۈل بىخلىرى تولۇق يېتىلەلمەيدۇ ،
چېچەك - غورىلىرىنىڭ تۆكۈلۈشى كۆپ بولىدۇ . دەرەخ باراقسى-
نىغا چۈشكەن يورۇقلۇقنىڭ كۈچى سىرتتىن ئىچىگە ، ئۈستىدىن
ئاستىغا قارىتا ئاجىزلاپ بارىدۇ . شۇڭا ، نەشپۈت دەرىخىنى مۇۋا-
پىق زىچلىقتا تىككەندىن باشقا يەنە چاتاش ئارقىلىق شاخلارنىڭ
زىچلىق دەرىجىسىنى تەڭشەپ ، يورۇقلۇقنىڭ ھەرقايسى قىسىملى-
رىغا تولۇق چۈشۈشىنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم .
4) تېمپېراتۇرىغا بولغان تەلىپى
نەشپۈت دەرىخى ئەتىيازدا ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 10°C تىن
ئاشقاندا چېچەكلەيدۇ ، 14°C بولغاندا چېچەكلىشى تېزلىشىدۇ ،
15°C لۇق شارائىتتا 3 ~ 5 كۈندە پۈتۈنلەي چېچەكلەپ بولىدۇ .
نەشپۈت دەرىخى ئالدى بىلەن چېچەكلەپ ئاندىن يوپۇرماق چىقار-
غاچقا ، چېچەك مەزگىلىدىكى جۇدۇنلاردا ئاسانلا ئۈششۈپ قالىدۇ .
ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 16°C بولسا ، 44 سائەت ئىچىدە چاڭلىنىش
ۋە ئوزۇقلىنىشنى تاماملايدۇ . تېمپېراتۇرا بەك يۇقىرى ياكى بەك
تۆۋەن بولسا چاڭلىنىش ۋە ئوزۇقلىنىشقا پايدىسىز بولىدۇ . چې-
چەك بىخلىرىنىڭ بۆلۈنۈشى ۋە مېۋىلىرىنىڭ يېتىلىشى ئۈچۈن
ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ 20°C تىن يۇقىرى بولۇشىنى تەلەپ قىلى-
دۇ ، تۇپراق تېمپېراتۇرىسى 2°C تىن يۇقىرى بولسا يىلتىز سىس-
تېمىسى ئۆسۈشكە باشلايدۇ ، 6~7°C بولسا يېڭى يىلتىز شەكىللى-
نىشكە باشلايدۇ ، يەنى يىلتىز سىستېمىسىنىڭ ئۆسۈشىدە تۇپرا-

...مپېراتۇرىسىنىڭ 20~22 C بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ ، 18 C
...ن تۆۋەن ياكى 25 C تىن يۇقىرى بولسا چاچما يىلتىزلارنىڭ
...ز ۇقلۇقلارنى سۈمۈرۈشى چەكلىنىدۇ .

## 2 . نەشپۈتلۈك باغ بەرپا قىلىش

1 ) باغ يېرىنى تاللاش
...تەبىئىي ئۆسۈش شارائىتىدا ، نەشپۈت دەرىخىنىڭ ئېگىزلىكى
10... دىن ئېشىپ كېتىدۇ ، دەرەخ باراقسانلىقىنىڭ كەڭ-
...لىكى 7~8 m غا يېتىدۇ . نەشپۈت دەرىخىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن ،
...لتىز سىستېمىسىنىڭ تارقىلىشى كەڭ ۋە چوڭقۇر بولىدۇ . شۇڭ-
...ىقا ، باغ يېرىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى نەشپۈت دەرىخىنىڭ
...ۈشىگە ، مېۋىلىشىگە ۋە مېۋە سۈپىتىگە بىۋاستە ، ئۇزۇن مۇد-
...ت تەسىر كۆرسىتىدۇ . نەشپۈت دەرىخىنىڭ تۇپراق شارائىتىغا
...لغان تەلىپى ئانچە كۈچلۈك بولمىسىمۇ ، ئەمما نەشپۈت ئىشلەپ-
...چىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش نۇق-
...تىسىدىن ئالغاندا ، ئەڭ ياخشىسى تۇپراق قاتلىمى 1 m دىن قې-
...لىن ، ئورگانىك ماددا مىقدارى 1% تىن كۆپ ، ئومۇمىي تۇز
...مىقدارى 0.3% تىن ئاز ، pH قىممىتى 8.5 دىن تۆۋەن ، يەر
...ئاستى سۇ ئورنى 1.5 m دىن تۆۋەن ، يەر شەكلى تۈز ،
...قاتناش - ترانسپورتى ، سۇغىرىش ۋە سۇ چىقىرىۋېتىشكە قولاي-
...لىق ، ئەت تۇپراقلىق ياكى قۇمساڭ ئەت تۇپراقلىق يەرلەرنى تاللاپ
...باغ بەرپا قىلىش كېرەك .
2 ) باغنى لايىھىلەش
...نەشپۈتلۈك باغ بەرپا قىلىشتا كەنت ، مەھەللىلەرنى بىرلىك
...قىلىپ ، چوڭ كۆلەمدە مەركەزلەشتۈرۈپ بىر تۇتاش پىلانلاش ،
...ئۈچەيلەرنى ئوخشاش زىچلىقتا بىر تۇتاش تىكىش لازىم . بۇنداق
...قىلغاندا پەرۋىش قىلىش ، سېتىپ چىقىرىش ، ماشىنىلاشتۇرۇشقا
...قولايلىق بولىدۇ .
(1) باغنى كىچىك رايونلارغا ئايرىش : كىچىك رايوننىڭ
...ۋە شەكلى باغنىڭ يەر تۈزۈلۈشى ، تۇپرىقى ، باغنىڭ ئۆل-

چىمى ۋە ماشىنىلاشتۇرۇش دەرىجىسىگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ . ھەر-
بىر پارچە باغنىڭ كۆلىمىنى ئادەتتە 50 ~ 60 مو ئەتراپىدا
قىلىپ ، يۆنىلىشىنى جەنۇبتىن شىمالغا ، تىك تۆتبۇلۇڭ شەكىلدە
ئورۇنلاشتۇرۇش ، ئۇنىڭ ئۇزۇن تەرىپىنى ئاساسىي شامال يۆنىلى-
شىگە تىك قىلىپ جايلاشتۇرۇش لازىم .

(2) باغ يوللىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى : باغ يوللىرىنىڭ
ئۆلچىمى باغ كۆلىمى ، توشۇش ، يۆتكەش مىقدارى ، قاتناش ۋاسى-
تىلىرى قاتارلىق شارائىتلارغا ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ . كۆلىمى
چوڭ باغلارنىڭ يوللىرى چوڭ يول ، تارماق يول ۋە كىچىك يول
دەپ ئايرىلىدۇ . چوڭ يول مۇھىم قاتناش يولى بولۇپ ، باغنىڭ
ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ ، سىرتتا تاشيولغا ، ئىچىدە تارماق
يوللارغا تۇتىشىدۇ . تارماق يول باغنى بىرنەچچە كىچىك پارچىغا
ئايرىپ تۇرىدۇ ، ئۇ چوڭ يول ۋە كىچىك يوللار بىلەن تۇتىشىدۇ
ئادەتتە چوڭ يول 6~7 m ، تارماق يول 4~5 m ، كىچىك يول
2 m كەڭلىكتە قىلىپ لايىھىلەنسە بولىدۇ .

3 ) چاڭلاشتۇرغۇچى سورتلارنى سەپلەپ تىكىش

نەشپۈت دەرىخى سىرتتىن چاڭلىنىشىدىغان دەرەخ بولغاچقا ، باغ
بەرپا قىلىشتا چوقۇم چاڭلاشتۇرغۇچى سورتلارنى سەپلەپ تى-
كىش لازىم . يەنى كورلا نەشپۈتى ئۈچۈن «داگسەن ئامۇتى» ،
«سوقچاق ئامۇت» قاتارلىق سورت كۆچەتلىرىنى چاڭلاشتۇرغۇچى
سەپلىمە سورت قىلىپ تىكسە بولىدۇ . «شىنجاڭ نەشپۈتى - 3»
كە «شىنجاڭ نەشپۈتى - 4» نى چاڭلاشتۇرغۇچى سەپلىمە سورت
قىلسا ؛ «چىلگە قۇم ئامۇت» قا «سوقچاق نەشپۈت» ، «ئالمى-
سىمان نەشپۈت» لەرنى چاڭلاشتۇرغۇچى سەپلىمە سورت قىلسا
بولىدۇ .

## 3 . نەشپۈت كۆچىتى يېتىشتۈرۈش

1 ) ئۇلاق تېگى كۆچىتىنى يېتىشتۈرۈش

(1 ) ئورۇق تەييارلاش : ئاپتونوم رايونىمىزدا كۆچەت يېتىش-

ئورۇشكە ئىشلىتىلىۋاتقان ياۋا ئامۇت ئۇرۇقىنىڭ 90%ى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كەلتۈرۈلۈۋاتىدۇ. شۇڭا، ئۇرۇق سېتىۋالغاندا ئۇرۇقنىڭ تولۇق پىشقان، تويۇنغان، پارقىراق، بىخلىنىش نىسبىتىنىڭ 80% تىن يۇقىرى بولۇشىغا ۋە پاكىزلىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. نۆۋەتتە، كۆلەملەشكەن نەشپۈتلۈك باغ بەرپا قىلىپ نەشپۈتنىڭ تاۋارلىق قىممىتىنى ئاشۇرۇشتا، ئۇلاق تۇۋى كۆچەتلىرىنى يېتىشتۈرۈش ناھايىتى مۇھىم. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە ياۋا ئامۇت ئۇرۇقىدىن ئۇلاق تۇۋى كۆچىتى يېتىشتۈرۈش خىزمىتى ئىشلىنىۋاتقان بولسىمۇ ئۇنۇمى كۆڭۈلدىكىدەك بولمايۋاتىدۇ. شۇڭا، ئۇرۇق تەييارلىشى ۋە باشقا تېخنىكىلىق ئۆتكەللەرنى پۇختا ئىگىلەش زۆرۈر.

ئۇرۇق تەييارلاشتا ساغلام، ھاشارات زىيىنىغا ئۇچرىمىغان ياۋا ئامۇت دەرىخىنىڭ تولۇق پىشقان مېۋىسىنى 9 - ئاينىڭ ئاخىرىدا يىغىۋېلىپ، ئىككى - ئۈچ كۈن بىر يەرگە دۆۋىلەپ، پوستى يۇمشىغاندا مېۋىنى مۇجۇپ، سۇدا يۇيۇپ، لەيلىگەن ئۇرۇقلىرىنى تاشلىۋېتىپ، قالغانلىرىنى غەلۋىردىن ئۆتكۈزۈپ، ساپ ئۇرۇقنى ئايرىۋېلىپ شاماللىق ئورۇندا قۇرۇتىمىز. تولۇق قۇرۇغان ئۇرۇق رەخت خالتا ياكى چىگە خالتىلارغا قاچىلاپ ساقلىنىدۇ ھەم قەرەللىك تەكشۈرۈپ تۇرۇلىدۇ.

(2) ئۇرۇقنى بىخلاندۇرۇش: ئۇرۇقنى بىخلاندۇرۇش ئۇسۇلى يەرگە كۆمۈپ بىخلاندۇرۇش ۋە ئۆيدە بىخلاندۇرۇش دەپ ئىككى خىل بولىدۇ.

يەرگە كۆمۈپ بىخلاندۇرۇشتا، ئۇرۇق تېرىلىشتىن 60 كۈن ئىلگىرى مۇنبەت، يەر تۈزلۈشى ئېگىزرەك تەسكەي يەرنى تاللاپ، 60 cm چوڭقۇرلۇقتا ئورەك كولاپ، ئاستىغا 10 cm نەم قۇم سېلىپ، نەم قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان ئۇرۇق تۆكۈلىدۇ (ئۇرۇق بىلەن قۇم نىسبىتى 3:1 قىلىنىدۇ، قۇمنىڭ نەملىكى قولدا سىقىپ قويۇۋەتسە چېچىلىپ كەتمىگۈدەك بولسا بولىدۇ). نەم قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان ئۇرۇق ئورەككە يەر يۈزىدىن 30~40 cm تۆۋەنگىچە سېلىنىپ، قالغان قىسمى نەم قۇم بىلەن يەردىن ئېگىز-

رەك كۆمۈلىدۇ . ئۇرۇق ئارىسىدا ھاۋا ئالمىشىپ تۇرۇشىقا كاپا-
لەتلىك قىلىش ئۈچۈن ، بىخلاندۇرۇلىدىغان ئۇرۇق مىقدارى-
نىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە ئاساسەن ، ھەربىر مېتىر ئارىلىقتا بىر
تالدىن قوناق شېخىنى كۆمۈلگەن قۇمدىن چىقىپ تۇرغۇدەك قىلىپ
ئورەكنىڭ تەكتىگە يەتكۈزۈپ سانجىپ قويۇش ، يامغۇر ، قار سۇلى-
رىنىڭ ئورەككە كىرىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش لازىم . ئەگەر
ئۇرۇق بىخلىنىپ بولغان ، ئەمما يەر تەييار بولمىغان بولسا ، ئۇ-
رۇق كۆمۈلگەن جايغا سايە چۈشۈرۈپ ، مۇز پارچىلىرىنى تاشلاپ
قويسا ، تېرىش ۋاقتىنى بىرقانچە كۈن كېچىكتۈرگىلى بولىدۇ .

ئۇرۇقنى ئۆيدە ياكى پارنىكتا بىخلاندۇرۇشتا ، ئۇرۇق تېرى-
لىشتىن 30 كۈن بۇرۇن 40 C لۇق سۇغا 48 سائەت چىلاپ ، ھەر
تۆت سائەتتە بىر قېتىم ئارىلاشتۇرۇپ تۇرۇلىدۇ ، ئاندىن ئۇرۇق
سۈزۈۋېلىنىپ ، 0～5 C لۇق ئورۇندا بىر كېچە ـ كۈندۈز ساقلان-
غاندىن كېيىن ، بىر ئۈلۈش ئۇرۇققا ئۈچ ئۈلۈش نەم قۇم ئارىلاش-
تۇرۇلۇپ ، ئۆي ئىچى ياكى پارنىكتا ياغاچ ساندۇققا ، داسقا ياكى
چىگە تاغارغا قاچىلىنىپ بىخلاندۇرۇلىدۇ . ئۆي ئىچى ياكى پارنىك
نىڭ تېمپېراتۇرىسى 20～22 C بولسا ، ئۇرۇق 20 ～ 25 كۈند
بىخلىنىدۇ . ئومۇمىي ئۇرۇق مىقدارىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى
ئاقارغاندا ئۇرۇق تېرىلىدۇ .

(3) يەر تەييارلاش : يەر تۈزۈلۈشى تەكشى ، تۇپرىقى مۇن
بەت ، قۇمساڭ ياكى يېنىكرەك قۇمساڭ ، سۇغىرىش ۋە سۈيىنى
چىقىرىۋېتىشكە قۇلايلىق ، كۈن نۇرى تولۇق چۈشىدىغان ، يە
ئاستى سۇ ئورنى تۆۋەن يەرلەر كۆچەتلىك ئۈچۈن تاللىنىپ ، ھەرمۇ
يەرگە 2500～3000 kg مەھەللىۋى ئوغۇت بېرىلىدۇ ، ئاندىن چوڭ
قۇر ھەيدىلىپ ، تولۇق ياتقۇزۇلىدۇ . ئۇرۇقنى ئۇچۇقچىلىققا تېرىش
توغرا كەلسە ، يەر ئەتىيازدا يەنە بىر قېتىم سۇغىرىلىپ چوڭقۇ
ھەيدەلگەندىن كېيىن $333\ m^2$ ى بىر كاندۇك قىلىنىپ ، كاندۇ
ئىچى تەكشى تۈزلىنىپ ئۇرۇق تېرىلىدۇ . ئەگەر سۇلياۋ يوپۇ
يېپىپ تېرىشقا توغرا كەلسە ، يەرنى كۈزدىكى ئوسسى بىلەن
كاندۇكلاپ ، مۇۋاپىق نەملىكتە دەرھال تېرىش كېرەك . ئۇنىڭ

كۆچەتلەرنى يەريولۋسى ، موزايۋېشى ، مايقوڭغۇزى ، سىمقۇرت قاتارلىق هاشاراتلارنىڭ زىيىنىدىن ساقلاش ئۈچۈن ، ئەتىيازدا يەرنى ئاغدۇرۇشتىن بۇرۇن 25% لىك دىپتېرېكس (دىبەيچۇڭ 敌百虫 ) پاراشوكىنى چېچىپ ، يەر ئاستى زىيانداش هاشاراتلىرىنى يوقىتىش ، كۈزدە يەرنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ ، زىيانداش هاشاراتلارنىڭ ياشاش مۇهىتىنى بۇزۇپ ، سوغۇقتا توڭلىتىپ ئۆلتۈرۈش لازىم .

(4) تېرىش : ئۇرۇقنى ئوچۇقچىلىققا تېرىشتا 3 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن 4 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە تېرىسا بولىدۇ . تاق قۇرلۇق تېرىشتا قۇر ئارىلىقى 50 cm ، تۈپ ئارىلىقى 5 cm قىلىنسا ، قوش قۇرلۇق تېرىشتا تار قۇر ئارىلىقى 20 cm ، كەڭ قۇر ئارىلىقى 45 cm ، تۈپ ئارىلىقى 5 cm ، تېرىلىش چوڭقۇرلۇقى 2.5 cm قىلىنسا بولىدۇ . قوش قۇرلۇق تېرىغاندا كۆچەتلەر شاخلاپ كەتمىگەچكە سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ . ئادەتتە ئۇرۇق 15 كۈندە ئۈنىدۇ .

يەرگە سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىشتا ، ئۇرۇق 3 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن تېرىلىپ بولىدۇ ، ئۇنىڭدىن كېيىن قالسا كۆچەتلەر يوپۇقتىن چىققۇچە ياكى چىققاندىن كېيىن كۈن نۇرىدا كۆيۈپ كېتىدۇ . يەر تەكشىلىنىپ بولغاندىن كېيىن تار قۇر ئارىلىقى 15 cm ، كەڭ قۇر ئارىلىقى 60 cm قىلىنىپ ، 2.5 cm چوڭقۇرلۇقتا تېرىلغاندىن كېيىن ئۇرۇق ئۈستى كۆمۈلۈپ ، ئۈستىگە سۇلياۋ يوپۇق يېپىلىپ ، يوپۇقنىڭ ئىككى يېنى باستۇرۇلىدۇ . بۇنىڭدا ئۇرۇق 7 ~ 10 كۈندە ئۈنۈپ چىقىدۇ . ئۇرۇق تېرىلغان ئورۇن بىلەن سۇلياۋ يوپۇق ئارىلىقىدا 4 cm بوشلۇق بولىدۇ ؛ كۆچەت ئىككى يوپۇرماقلىق بولۇپ سۇلياۋ يوپۇققا تاقاشقاندا ، چۈشتىن كېيىن هاۋا سالقىنلىغاندا هەر 1 m ئارىلىقتا 5 cm چوڭلۇقتا تۆشۈك ئېچىلىپ ، كۆچەت كۆندۈرۈلىدۇ . بىر هەپتىدىن كېيىن كەچقۇرۇنلۇقى سۇلياۋ يوپۇق ئېلىۋېتىلىپ ، كۆچەت تۈۋىگە توپا يۆلىنىدۇ . ئادەتتە هەرمو كۆچەتلىككە 1.5~2 ئۇرۇق تېرىلىدۇ .

(5) كۆچەت پەرۋىشى : كۆچەت ئۈنۈپ تۆت يوپۇرماقلىق
بولغاندا 1 ـ قېتىم تېيىز سۇغىرىلىدۇ. تۇپراق نەملىكىگە ئاسا-
سەن، 2 ـ قېتىم سۇغىرىشتىن ئىلگىرى ھەر 5 cm ئارىلىقتا بىر
تۈپتىن كۆچەت بەلگىلىنىدۇ. كۆچەت ئۈنەلمىگەن جايلارغا كۆچەت
تۈپىسى بىلەن كۆچۈرۈپ تولۇقلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تۇپراق
نەملىكىگە قاراپ ھەر 15 كۈندە بىر قېتىم سۇغىرىلىپ، تۈپىسى
يۇمشىتىلىپ، ئوتى ئوتىلىدۇ. 3 ـ قېتىملىق سۇغىرىشقا بىرلەش-
تۈرۈلۈپ، ھەرموسىغا 10~15 kg ئورىيە ياكى كۈنجۈرە بېرىلى-
دۇ. 6 ـ ئايدا كۆچەت شاخلىغاندا ئاساسي شاخ مۇقىملاشتۇرۇلى-
دۇ. 7 ـ، 8 ـ ئايلاردا ھاۋا ئىسسىق بولغاچقا، سۇغىرىشقا توغرا
كەلگەندە ئاخشىمى سۇغىرىش لازىم. 10 ـ ئايغا كەلگەندە ئوغۇتلاش
ۋە سۇغىرىش كونترول قىلىنىپ، كۆچەتنىڭ قىشتىن بىخەتەر
ئۆتۈشىگە ئاساس يارىتىلىدۇ. يۇقىرىقىدەك تەدبىرلەر ئەستايىدىل
قوللىنىلسا، بىر يىللىق كۆچەتنىڭ ئېگىزلىكى 0.8~1.1 m
يىلتىز بوغۇزى ئايلانمىسى 6~8 mm غا يېتىدۇ، ھەر مو يەرد
135 مىڭدىن 150 مىڭ تۈپكىچە سۈپەتلىك كۆچەت يېتىشتۈرگىلى
بولىدۇ.

كۆچەت ئۈنۈپ 5 ~ 6 يوپۇرماقلىق بولغاندا تۈپ ئارىلىقىنى
نى 10 cm دىن مۇقىملاشتۇرۇش لازىم. ئەگەر ئۈلىنىدىغان بول
سا، كۆچەت ئېگىزلىكى 60 cm بولغاندا ئۇچىنى ئۈزۈپ غولىنى
تومىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئۈلانمايدىغان بولسا، ئىككىنچ
يىلمۇ كۆچەت پەرۋىشىنى كۈچەيتىش لازىم.

## 4. نەشپۈت كۆچىتىنى تىكىش

(1) ئورەك كولاش : كۆچەتنى تىكىشتىن ئىلگىرى بەلگىلە
گەن قۇر ئارىلىقى بويىچە چۈنەك ئېچىلىدۇ، ئاندىن تۈپ، قۇ
ئارىلىقى بويىچە، كەڭلىكىنى 70 cm، چوڭقۇرلۇقىنى 0 cm
قىلىپ ئورەك كولىنىدۇ. ئورەك كولىغان چاغدا چىققان تۈپىنى
ئۈستىـۈنكـى 30 cm قىسمىنـى بىر تـەرەپكە، ئـاستىنقى 0 cm

قىسمىنى يەنە بىر تەرەپكە دۆۋىلەش لازىم . ئورەكنى كۈزدە كولاپ ، كۆچەتنى ئەتىيازدا تىكسە ، ئورەك ئىچى تۇپرىقى يېتەرلىك يېمىرد- لىش مەزگىلىنى باشتىن ئۆتكۈزىدۇ ھەمدە ئورەككە قار - يامغۇر يىغىلىپ نەملىكى ياخشى ساقلىنىدۇ .

(2) نەشپۇت كۆچەتلىرىنى تىكىش : ئادەتتە ئەتىياز پەسلى كۆچەتلەر ئۇدۇللۇق قومۇرۇلۇپ ، ئۇدۇللۇق تىكىلىدۇ . كۆچەتنى تىكىشتىن بۇرۇن ھەربىر ئورەككە 20 kg ئەتراپىدا تولۇق چىرىگەن ئورگانىك ئوغۇت توپا بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تۆكۈلىدۇ . تىكىشتە كۆچەتنى بىر كىشى تۇتۇپ بېرىشى ، يەنە بىر كىشى ئورەكنى تىندۇرۇشى لازىم . ئورەكنى تىندۇرۇشتا كولاپ ئېلىنغان ئۈستۈن- كى قەۋەت توپىسنى ئاستىغا ، ئاستىنقى قەۋەت توپىسنى ئۈستىگە تىندۇرۇش لازىم . بىر تەرەپتىن چىڭداپ ، بىر تەرەپتىن تىندۇ- رۇپ ھەم كۆچەتنى يەڭگىل بىرقانچە قېتىم ئۈستىگە تارتىپ قو- يۇپ ، يىلتىزلىرىنى توپا بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش لازىم . كۆچەت- نىڭ كۆمۈلۈش چوڭقۇرلۇقى كۆچەتخانىدىكى تۇرغان ئورنى بىلەن ئوخشاش بولۇشى ، ئەگەر ئۇلانغان كۆچەت بولسا ئۇلاق ئورنى كۆمۈلۈپ قالماسلىقى لازىم .

(3) تىكىلگەندىن كېيىنكى پەرۋىش : كۆچەتنى تىكىپ بو- لۇپلا قاندۇرۇپ سۇغىرىش ، بىرىنچى سۇيىدىن كېيىن كۆچەتلەرنى 80 ئېگىزلىكتە قىلىپ ئۈچنى كېسىپ ، نەملىكنىڭ زىيادە كۆپ پارلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك . ئالدىنقى بىر ئايدا ھەر ئون كۈندە بىر قېتىم سۇغىرىپ ، كۆچەتلەرنىڭ ئەي ھالىتىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم . ھەر قېتىملىق سۇغىرىشتىن كېيىن ، مۇۋاپىق نەملىكتە توپىسنى يۇمشىتىشقا بىرلەشتۈرۈپ ئوت - چۆپلەرنى يوقىتىپ ، كۆچەتلەرنىڭ نورمال ئۆسۈپ يېتىلى- شىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم . 10 - ئاينىڭ ئاخىرى باغقا توڭ سۇ بېرىش لازىم . قىش كىرگەندە كۆچەتلەرنى چىگە ، قومۇش قا- تارلىق نەرسىلەر بىلەن ئوراپ ، توشقان ، چاشقان ۋە چارۋىلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم .

www.uyghurkitap.com

## 5 . شەكىلگە كەلتۈرۈپ چاتاش

1 ) ياش تۈپلەرنى شەكىلگە كەلتۈرۈپ چاتاش

ياش تۈپلەرنى شەكىلگە كەلتۈرۈشتە ، ئاساسىي غول شالاڭ قەۋەتلىك شەكىل ۋە ئىچى ئوچۇق شالاڭ قەۋەتلىك شەكىل كۆپ قوللىنىلىدۇ .

(1) ئاساسىي غول شالاڭ قەۋەتلىك چاتاش : بۇ خىل دەرەخ شەكلىنىڭ قۇرۇلمىسى ئالمىنىڭكى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ . ئوخشاشمايدىغان يېرى شۇكى ، ياش تۈپلەردە ئاساسىي شاخ كۆپرەك قالدۇرۇلىدۇ . يەنى 1 ـ قەۋەتتە 3 ~ 4 تال ، 2 ـ قەۋەتتە ئىككى تال ، 3 ـ قەۋەتتە ئىككى تال ، 4 ـ قەۋەتتە بىر تال ئاساسىي شاخ قالدۇرۇلىدۇ . شەكىلگە كەلتۈرۈش مەزگىلىدە 1 ـ قەۋەتتىكى ئاساسىي شاخلارنىڭ ئايرىلىش بۇلۇڭى 40° ئەتراپىدا بولسا بولىدۇ . بۇ خىل دەرەخ شەكلىدە دەرەخنىڭ شەكىلگە كېلىشى تېز بولۇپ ، تېز ئۆسۈپ بالدۇر مېۋىلەيدۇ ۋە مەھسۇلاتى يۇقىرى بولىدۇ .

(2) ئىچى ئوچۇق شالاڭ قەۋەتلىك چاتاش : بۇ خىل دەرەخ شەكلىنىڭ ئاساسىي غولى قىسقىراق بولىدۇ ، مەركىزىي غولى بولمايدۇ ؛ ئاساسىي غولىنىڭ ئۈچىدىن ئۆسۈشى كۈچلۈك بولۇپ ئۈچ تال ئاساسىي شاخ بۆلۈنۈپ چىقىدۇ . ئۈچ تال ئاساسىي شاخ ـنىڭ ئاساسىي بۇلۇڭى 35~40° يانتۇلۇق بويىچە ئۆسىدۇ . ئاسا سىي شاخلار دەرەخ باراقسىنىنىڭ سىرتىغا قاراپ 5 ~ 7 تال يا شاخ چىقىرىپ ، 4 ~ 5 قەۋەت بولۇپ جايلىشىدۇ . ھەربىر ئاسا سىي شاخنىڭ ئۈستىدىكى يان شاخنى تاللاپ قالدۇرۇش ئۇسۇلى مۇنداق : 1 ـ قەۋەتتىكى يان شاخنىڭ بىرى ئاساسىي غولدى 60~80 cm يىراقلىقتا تاللاپ قالدۇرۇلىدۇ ، 2 ـ قەۋەتنى يۇقىرىسىدا ئىككىسى قالدۇرۇلىدۇ ؛ 1 ـ قەۋەت بىلەن 2 قەۋەتنىڭ ئارىلىقى 70~80 cm بولىدۇ . يۇقىرىسىدىكى ھەربى

ۋەت يان شاخلىرىنىڭ ئارىلىقى تەدرىجىي كىچىكلەپ بارىدۇ. يان شاخلارنىڭ ئاساسىي شاخلاردىن ئايرىلىش بۇلۇڭى 45~60 بولىدۇ. يان شاختا قوشۇمچە يان شاخلار ۋە شاخ گۇرۇپپىسى بولىدۇ. بۇ خىل دەرەخ شەكلىدە شەكىلگە كەلتۈرۈش ئاسان، دەرەخ باراقسىنى ئېچىم، يورۇقلۇقنىڭ چۈشۈشى ۋە ھاۋا ئۆتۈشى ياخشى بولۇپ، مول مەھسۇلات بېرىدۇ. بۇ شەكىل زىچ ئولتۇرغۇزۇلغان نەشپۈتلۈكلەردە قوللىنىلىدۇ.

نەشپۈتنى شەكىلگە كەلتۈرۈپ چاتاش ئۇسۇلى ئالمىنىڭكىگە ئاساسەن ئوخشايدۇ. ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، چاتاشتىن دەرىجىسى يېنىك بولىدۇ، شاخلىرى ئاز شالاڭلىتىلىپ، كۆپرەك قويۇۋېتىلىدۇ. بۇنىڭدا قوشۇمچە تەربىيىلىنىدىغان شاخلار كۆپرەك پايدىلىنىپ، شاخقا ئاساسەن شەكىلگە كەلتۈرۈش كېرەك. ئاساسىي شاخلارنىڭ كېرىلىش بۇلۇڭى ئالمىنىڭكىگە قارىغاندا كىچىك بولغاچقا، ئاسانلا دەرەخ باراقسىنىڭ ئۈستى كۈچلۈك، ئاستى ئاجىز بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، چاتاشتا دەرەخ ھالىتىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشقا دىققەت قىلىش لازىم.

2) چوڭ تۈپلەرنى شەكىلگە كەلتۈرۈپ چاتاش

(1) 1 ـ قەۋەتتىكى ئاساسىي شاخنى تاللاپ قالدۇرۇش: تۈپنى مۇقىملاشتۇرغان يىلى كۈزدە ساغلام ئۆسكەن ئۈچ تال شاخ 1 ـ قەۋەتتىكى ئاساسىي شاخ قىلىنىپ، 30 cm قالدۇرۇلۇپ كېسىلىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 30 cm غا يەتمىگەنلىرى كېسىلمەيدۇ. مەركىزىي غولدىن ئۈزىرىپ ئۆسكۈچى شاخ 40~50 cm ئۇزۇنلۇقتا كېسىلىدۇ.

(2) ئاساسىي ۋە يان شاخلارنى يېتىشتۈرۈش: ئاساسىي شاخ... تىكى ئۈزىرىپ ئۆسكۈچى شاخلارنى قالدۇرۇش ئۇزۇنلۇقى ئالدىنقىدىن ئۇزۇنراق، يەنى 50~60 cm بولىدۇ. ئايرىلىش بۇلۇڭى بەك كىچىك ئاساسىي شاخ ۋە يان شاخلارنىڭ بۇلۇڭى 7 ـ 8 ـ ئايلاردا ئېچىش، تارتىش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ...لىدۇ. يان شاخلار بوشلۇققا ئاساسەن ئىمكانقەدەر كۆپرەك

قالدۇرۇلىدۇ . يان شاخلار ئارىسىدا ئاساسىي شاخلارنىڭ دۈمبىسى
نىڭ تۆۋىنىدە قوشۇمچە تەربىيىلىنىدىغان چوڭ شاخ قالدۇرۇلۇپ
دەرەخ باراقسىنىنىڭ كېڭىيىشى ۋە بالدۇر مېۋىلىشىگە ئاسا
سىلىنىدۇ .

3 ) مېۋىلەشكە باشلىغان ياش تۈپلەرنى چاتاش

مېۋىلەشكە باشلىغان ياش تۈپلەرنىڭ باراقسىنى داۋاملىق كې
ڭىيىپ ، قىسقا مېۋە شېخى ۋە ئوتتۇراھال مېۋە شاخلىرى كۆپ
يىپ ، مەھسۇلاتى يىلمۇيىل ئاشىدۇ . شۇڭا ، يېنىڭ چاتاشنى ئ
ساس قىلىپ دەرەخ باراقسىنىنى داۋاملىق كېڭەيتىش ۋە كۆڭۈلد
كىدەك مېۋە شېخى گۇرۇپپىلىرىنى يېتىشتۈرۈش لازىم .

(1 ) تايانچ شاخلارنى يېتىشتۈرۈش : تايانچ شاخلاردىن ئۈز
رىپ ئۆسكۈچى شاخلار يۇقىرىقىدىن قىسقىراق قالدۇرۇلىدۇ . ئ
رىلىش بۇلۇڭى بەك كىچىك بولغان ئاساسىي ۋە يان شاخلارنى
بۇلۇڭى يەنىلا ئېچىلىش ، تارتىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىل
چوڭايتىلىدۇ . ئايرىلىش بۇلۇڭى بەك چوڭ ، ئاجىز ئۆسكەنلىر
نىڭ بۇلۇڭى شاخنى كۆتۈرۈش ئارقىلىق كىچىكلىتىلىپ ، چېچە
بىخلىرىنى ئاز قالدۇرۇش ئارقىلىق ئۆسۈشى كۈچەيتىلىدۇ .

(2 ) مېۋە شېخى گۇرۇپپىلىرىنى يېتىشتۈرۈش : كېيىس
ئاغزىنىڭ تۆۋەنكى دۈمبىسىدىن چىققان كۈچلۈك شاخنى ئاۋۋ
كېسىپ كېيىن بېسىش ياكى چەمبەر شەكلىدە ئۈيۈپ ، چېچە
بىخلىرى شەكىللەنگەندىن كېيىن قايتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىل
مېۋە شېخىغا ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ . تايانچ شاخلارنىڭ ئىككى يې
دىكى ياكى دۈمبىسىنىڭ تۆۋىنىدىكى ئۈزۈن شاخنى ئالدى بىل
كېسىش ، كېيىن قويۇپ بېرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئوتتۇراھال ش
گۇرۇپپىسىنى يېتىشتۈرگىلى بولىدۇ . بىرقانچە يىل ئۇدا قىسقا
سا تارماق شاخ پەيدا بولۇپ ، چوڭ شاخ گۇرۇپپىسى يېتىلىد
ئوتتۇراھال شاخلارنى 1 ـ يىلى چاتماي ، چېچەك بىخلىرى شەك
لەنگەندىن كېيىن باسقاندا ، ئوتتۇراھال ۋە قىسقا شاخ گۇرۇپپ
يېتىلىدۇ . قىسقا شاخلار چاتماي قويۇۋېتىلسە ، ئۆزگىرىپ

چېك تېپتىكى شاخ گۇرۇپپىسىغا ئايلىنىدۇ .

4 ) بولۇق مېۋىلىگەن تۈپلەرنى چاتاش

(1) تايانچ شاخلارنى چاتاش : دەرەخ پۈتۈنلەي شەكىلگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، مەركىزىي غولى ئەڭ ئۈستىدىكى ئاساسىي شاخ ياكى ئۇزۇن مېۋە شېخى گۇرۇپپىسىنىڭ ئۈستىدىن كېسىۋېتىلىدۇ . دەرەخ باراقسىنىنىڭ سىرتقى قىسمىدىكى ئۇزۇن شاخلار يېنىك قىسقارتىلىدۇ ، ئاجىزلىرى شالاڭلىتىلىدۇ ، ئاجىز تايانچ شاخلار قايتۇرۇلىدۇ ، قەۋەت ئارىلىقلىرىدىكى قوشۇمچە تەربىيىلەنگەن چوڭ شاخلار شالاڭلاشتۇرۇلىدۇ . شۇنداق قىلغاندا دەرەخ باراقسىنىنىڭ ئۈستى كونترول قىلىنىپ ، يورۇقلۇق ، هاۋا ياخشى ئۆتىدۇ . بۇ دەرەخ باراقسىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى شاخ گۇرۇپپىلىرىنىڭ ساغلام يېتىلىپ مېۋە بېرىشىگە پايدىلىق .

(2) مېۋە شېخى گۇرۇپپىلىرىنى چاتاش : چوڭ دەرەخلەرنىڭ تۆرىسى ئۆسكۈچى شاخلىرى قويۇۋېتىلىدۇ ، ئۇزۇن ، ئوتتۇرا مېۋە شاخلىرى يېنىك قىسقارتىلىدۇ ، قىسقا مېۋە شاخلىرى بەكرەك قىسقارتىلىدۇ . كىچىك دەرەخلەرنىڭ ئۆسكۈچى شاخلىرى بەكرەك قىسقارتىلىدۇ . قىسقا مېۋە شاخلىرى يېنىك قىسقارتىلىپ ، ئۇزۇن ، ئوتتۇرا مېۋە شاخلىرى قويۇۋېتىلىدۇ .

مېۋە شېخى گۇرۇپپىلىرىنى يېڭىلاشتا ، ئاجىز شاخ گۇرۇپپىدىرىنى تەدرىجىي يېڭىلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق كۈچلۈك شاخ گۇرۇپپىسىغا ئۆزگەرتىلىدۇ . قىسقا مېۋە شاخلىرى بەك كۆپ ، بەك زىچ بولسا ، ئاجىزلىرىنى چاتىۋېتىپ كۈچلۈكلىرىنى قالدۇرۇش ، يىراقتىكىسىنى چاتىۋېتىپ يېقىندىكىسىنى قالدۇرۇش ، ئىنچىكە ئۆرۈلىرىنى چاتىۋېتىپ تومىلىرىنى قالدۇرۇش ئارقىلىق ، شاخلارنىڭ ساغلام ، ئىخچاملىقى ساقلاپ قېلىنىدۇ . ياندىكى ئوخشاش قىسقا مېۋە شېخى تۈپىنىڭ ئارىلىقى 15~20 cm بولىدۇ .

# تۆتىنچى ، ئۆرۈكلۈك باغلارنى لايىھىلەش
# ۋە ئۆرۈكلۈك باغ بەرپا قىلىش

ئۆرۈك دەرىخى ئازغان ئائىلىسى ئالۇچا ئۇرۇقدىشى ئۆرۈ
كەنجى ئۇرۇقدىشىغا مەنسۇپ ، ئۇچكىلىك مېۋە تۈرىدىكى يوپۇرما
تاشلايدىغان ، ئېگىز غوللۇق ، كۆپ يىللىق مېۋىلىك دەرەخ بولۇپ
ئاپتونوم رايونىمىز باغۋەنچىلىكىدە دېھقانلار ئۇچۇن «كۆچ ئۆلاش
دەرىخى ھېسابلىنىپ ، مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ .

## 1 . ئۆرۈك دەرىخىنىڭ مۇھىت ـ شارائىتقا بولغان تەلىپى

1 ) تېمپېراتۇرىغا بولغان تەلىپى

ئۆرۈك دەرىخى سوغۇققا چىداملىق بولۇپ ، نۆلدىن تۆۋە
30 C ، ھەتتا ئۇنىڭدىن تۆۋەن تېمپېراتۇرىدىمۇ قىشتىن بىخەت
ئۆتەلەيدۇ ؛ ئەمما ، بىخلىرى ۋە چېچەكلىرىنىڭ سوغۇققا چىداملى
لىقى ناھايىتى ئاجىز بولۇپ ، نۆلدىن تۆۋەن 2～3 C لۇق جۇدۇ
ئۇچرىسىلا بىخ ، چېچەكلىرى ئۈششۈپ كېتىدۇ .

2 ) يورۇقلۇققا بولغان تەلىپى

ئۆرۈك دەرىخى يورۇقپەرەس دەرەخ بولۇپ ، يورۇقلۇق يېتە
لىك بولسا ياخشى ئۆسۈپ مېۋىلەيدۇ ھەمدە مېۋىسى تاتلىق بولىدۇ
ئەمما ياخشى پەرۋىش قىلىنماي ، شاخلىرى قويۇق بولسا ، يورۇ
لۇق ، ھاۋا ئۆتۈشۈشى يېتەرلىك بولمىسا ياخشى ئۆسەلمەيدۇ
مەھسۇلاتى ئاز ، مېۋە سۈپىتى ناچار بولۇپ قالىدۇ .

3 ) سۇغا بولغان تەلىپى

ئۆرۈك دەرىخىنىڭ يىلتىزلىرى تۇپراققا چوڭقۇر ۋە كە

ارقىلىدىغان بولغاچقا ، قۇرغاقچىلىققا چىدامىلىق كېلىدۇ . بىراق ،
ۆرۈك غورىلىغاندىن كېيىن سۇغا سېزىمچانلىقى ئېشىپ ، دەرەخ
ۇساپ كەتسە ، مېۋە مەھسۇلاتى ۋە سۈپىتىگە تەسىر يېتىدۇ .
ۆرۈك دەرىخى يەنە ھۆلچىلىككە چىدامسىز كېلىدۇ . ناۋادا دەرەخ
ۋىگە يىغىلىۋالغان سۇ بىر مەزگىل سىڭىپ كېتەلمىسە ، يوپۇر-
اقلىرى ، مېۋىلىرى تۆكۈلۈش ، يىلتىزلىرى سېسىش ، ھەتتا قۇ-
رۇپ كېتىش ئەھۋاللىرى كېلىپ چىقىدۇ .

## 2 . ئۆرۈكلۈك باغنى لايىھىلەش

ئۆرۈك دەرىخىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولغاچقا ، يېڭىدىن باغ
رپا قىلىشتا يەرنى ۋە سورتلارنى نۆۋەتتە يولغا قويۇلۇۋاتقان زىياد-
سىز يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىش تەلىپىگە ماس ھالدا تاللاپ ، يىراق
كەلگۈسىنى كۆزلەپ ، زامانغا لايىق پىلانلاش لازىم . باغ بەرپا
قىلىش سۈپىتى باغنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمى-
گە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ . شۇڭلاشقا ، باغ بەرپا قىلىشنىڭ
مۇھىمىيىتىنى تولۇق تونۇپ ، كۆلەملەشكەن ، ئەلا سورتلۇق ئۆرۈك-
لۈك باغ بەرپا قىلىش ۋە ئىلمىي ئۇسۇلدا باشقۇرۇش ئارقىلىق
يۇقىرى ئۈنۈمگە ئېرىشىش لازىم . بۇنىڭ ئۈچۈن ، ئالدى بىلەن
باغ بەرپا قىلماقچى بولغان يەرنى ئىنچىكە تاللاپ ، ئىلمىي پىلانلاش
كېرەك .

1 ) يەر تاللاش

ئۆرۈك دەرىخى يورۇقپەرەس ، يىلتىزلىرى چوڭقۇر ۋە كەڭ
تارقىلىدىغان ، قۇرغاقچىلىققا ، مۇنبەتسىزلىككە چىدامىلىق مېۋە-
لىك دەرەخ بولغاچقا ، باغ بەرپا قىلىشتا ھەرخىل بۇلغىنىش ۋە
زىيانسىز ئامىللاردىن خالىي ، قاتنىشى قولايلىق ، يەر شەكلى تۈز ،
قۇياشلىق يېتەرلىك چۈشىدىغان ، سۇغىرىش ، سۇ چىقىرىۋېتىش
ئەپلىكى تولۇق ، تۇپراق قاتلىمى قېلىن ، يانتۇلۇقى °25 تىن
تۆۋەن يەرلەرنى تاللاش لازىم . باغ يېرىنى تاللاشتا تۇپراقنىڭ pH

قىممىتى 8.5 دىن تۆۋەن ، ئومۇمىي شور مىقدارى 0.3% تىر ئاز ، يەر ئاستى سۇ ئورنى 1.5 m دىن تۆۋەن ، ئورگانىك ماد مىقدارى 1% تىن كۆپ ، قۇمساق ئەت تۇپراق بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ .

(1) سۇغىرىش شارائىتى ياخشى بولۇشى كېرەك : ئۈرۈكلۈك باغلارنى يېتەرلىك سۇ بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن يېتەرلىك سۇ مەنبە سى بولۇش ، سۇ سۈپىتى ياخشى بولۇش ، ئېرىق - ئۆستەڭلە يۈرۈشلەشكەن بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ .

(2) يەر شەكلى تۈز ، كۈنگەي بولۇشى كېرەك : ئۈرۈ دەرىخىنىڭ يورۇقلۇققا بولغان ئىنكاسى كۈچلۈك بولغاچقا ، تاللا غان يەرنىڭ ئورنى ئەڭ ياخشىسى جەنۇبىي يانتۇلۇقتىكى كۈنگە جاي بولۇشى ، شۇنىڭدەك يەر ئۈستى تەكشى ، تۇپراق ئېقىپ كە مەيدىغان بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ .

(3) تۇپراق قاتلىمى قېلىن ، تۇپرىقى مۇنبەت بولۇشى كې رەك : ئۈرۈك دەرىخىنىڭ يىلتىز سىستېمىسى تەرەققىي قىلغا بولغاچقا ، ئادەتتە تۇپراق قاتلىمىنىڭ قېلىنلىقى 1 m دىن كە بولماسلىقى تەلەپ قىلىنىدۇ ؛ تۇپراق سۈپىتى قۇمسىمان ئەت ياك يەڭگىل ئەت تۇپراق دائىرىسىدە ، تەركىبىدىكى ئومۇمىي تۈز مى دارى 3g/kg دىن تۆۋەن ، شور تۇپراقلىق رايونلاردا بولسا ئومۇمىي تۈز مىقدارى 5g/kg دىن تۆۋەن ، pH قىممىتى 8.0 دىن تۆۋەن يەر ئاستى سۇ ئورنى 1.5 مېتىردىن چوڭقۇر بولۇشى ، تۇپرا بۇلغانمىغان ، بۇلغىنىش مەنبەسى بولمىغان بولۇشى كېرەك .

(4) شور تۇپراقلىق رايونلاردا زەي چىقىرىش ، شور يۇيۇ شارائىتى ياخشى بولۇشى كېرەك : زەيكەش راۋان ، زەي سۇلارنى چىقىش يولى راۋان بولۇشى كېرەك .

(5) ئىلمىي پىلانلىنىشى كېرەك : باغ ئورنىنى تەلەپ بويىچ تاللاپ بولغاندىن كېيىن ، باغ يېرىنىڭ مۇھىتى ، تۇپرىقى ، كەلگ سىدە مەھسۇلاتنى بىر تەرەپ قىلىش نىشانىغا ئاساسەن ، كۆلەملەش كەن باغنىڭ يول ، سۇغىرىش ، زەي چىقىرىش ئەسلىھەلىرى

ئۆرۈك دەرىخى تۈپلىرىنىڭ جايلاشتۇرۇلۇشى ، چاڭلاشتۇرغۇچى تۈپلەرنىڭ نىسبىتى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ، ئىھاتە ئورمان بەلۋېغى قاتارلىقلارنى ئىلمىي پىلانلاپ ، كەلگۈسى تەرەققىيات ئېھتىياجى بويىچە مۇۋاپىق جايلاشتۇرۇش كېرەك .

2 ) باغ يېرىنى پىلانلاش ۋە تۈزلەش

ئۆرۈكلۈك باغ بەرپا قىلىشتىن ئىلگىرى ، تاللانغان يەرگە مۇناسىۋەتلىك خادىملارنى تەشكىللەپ ، شۇ جاينىڭ مۇھىتى ، تۇپ-رىقى ، كىلىماتى ، يەر شەكلى ، سۇغىرىش ئەھۋالى ، قاتنىشى ، كەلگۈسىدىكى مەھسۇلاتلارنى بىر تەرەپ قىلىش پىلانى قاتارلىقلار توغرىسىدا ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ ، تەكشۈرۈش نەتىجە-سىگە ۋە يەرنى تۈزلەش لايىھىسى ، مەشغۇلات رايونلىرىغا ئايرىش لايىھىسى ، تىكىلىدىغان سورت لايىھىسى ، مەھسۇلات مىقدارى ۋە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش تەلىپىگە ئاساسەن ، سورتلارنى ئورۇنلاشتۇ-رۇش لايىھىسى ، ئېرىق - ئۆستەڭ ، ئىھاتە ئورمان ، يول ، تۇرالغۇ جاي ، ئىشخانا ، ئىسكىلات ئورۇنلاشتۇرۇش لايىھىسى ھەم باغنىڭ كۆرۈنۈش خەرىتىسى ، ئىش باشلاش لايىھىسى ۋە ئۆستۈرۈش تېخنىكا لايىھىسى قاتارلىقلار تەپسىلىي لايىھىلىنىدۇ . باغ يەرلىرىنى لايىھىلەپ كىچىك رايونلارغا بۆلۈشتە ، تۈزلەڭلىك رايونلاردا 50 ~ 100 مو يەرنى بىر مەيدان ، ئېدىرلىقلاردا 20 ~ 50 مو يەرنى بىر مەيدان قىلىپ ، تەكشىلەپ تەييارلىسا بولىدۇ .

پىلانلاپ بولغاندىن كېيىن ، ئومۇمىي باغ كۆلىمىنى ئۇچاستكى-لارغا ئايرىش كېرەك . ئادەتتە ئۇچاستكا كۆلىمى 3~6ha بولسا بولىدۇ . ھەربىر ئۇچاستكىدا يەر ئۈستى تۈزۈلۈشىگە قاراپ ئېتىز-لارغا ئايرىلىپ ، يەر تەكشى تۈزلىنىشى ، ئېتىز ئىچىدىكى ئېگىز - پەسلىك پەرقى 5 cm دىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك .

كۆچەتلەرنى تىكىشتىن ئىلگىرى لايىھىدىكى تەلەپ بويىچە يەرنى تەكشى تۈزلەپ رەتلەش لازىم . سۇغىرىش ۋە سۇنى چىقىرىۋې-تىش مەشغۇلاتىغا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن ، يەرنىڭ ئېگىز - پەسلىك پەرقى ±5 cm دىن ئاشماسلىقى لازىم . ئەگەر باغ بەرپا

بىر ئورەككە 2 ~ 4 تالغىچە ئۇرۇقچا سېلىنىپ ، تۇپ ئارىلىقى 5~7 cm قالدۇرۇلىدۇ . ئۇرۇقچىنى تىكىپ بولۇپ ئۈستىنى تەكشى كۆمۈپ ، ئۈستى كەتمەن ياكى گۈرجەكنىڭ ئارقىسى بىلەن يەڭگىل چىڭداپ قويۇلىدۇ ، ئاندىن يەر توڭلاش ئالدىدا قاندۇرۇپ كانجىلىنىدۇ .

ئۇرۇقچا تىكىلىپ بولغاندىن كېيىن چارۋا مال ۋە ياۋايى ھايۋانلارنىڭ دەسسىۋېتىشىدىن ، قاغا قاتارلىق قۇشلارنىڭ قاشىنى بۇزۇۋېتىشىدىن ساقلىنىش كېرەك .

4 ) كۆچەتلىكنى پەرۋىش قىلىش

كۆچەتلىكنى ياخشى پەرۋىش قىلىش ساغلام ، سۈپەتلىك كۆچەت يېتىشتۈرۈشتىكى كاپالەت . ياخشى پەرۋىش قىلىش شارائىتى ئاستىدىلا تىكىلگەن ئۇرۇقچا تولۇق ئۈنۈپ چىقىپ ، ساغلام ئۆسۈپ ، سۈپەتلىك ئۇلاق ئاستى بولۇپ يېتىلەلەيدۇ . ئۆرۈك كۆچەتلىكنى پەرۋىش قىلىش ئۈنۈشتىن بۇرۇنقى پەرۋىش قىلىش ، ئۈنۈپ چىققاندىن كېيىنكى مايسىنى پەرۋىش قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى باسقۇچنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

(1 ) ئۈنۈشتىن ئاۋۋالقى پەرۋىش : ئۇرۇقچا تىكىلىپ بولغاندىن كېيىن چۆنەكنى تېپىز چاناپ توپىسىنى يۇمشىتىپ نەملىك ساقلاش كېرەك . ئۇرۇقچا ئۈنۈپ چىقىشتىن بۇرۇن سۇ قويۇشقا بولمايدۇ . ئەگەر تۇپراق قۇم بولۇپ ، قۇرۇپ كەتسە 5 ـ ئاي كىرگەندىن كېيىن چۆنەككە ئازراق سۇ قويۇپ نەملىك تولۇقلىسا بولىدۇ . يەڭگىل ئەت تۇپراق بولسا سۇ قويۇشقا بولمايدۇ . چۈنكى بۇنداق تۇپراققا سۇ قويۇلسا ، تۇپراق قېتىۋېلىپ ئۇرۇقچىنىڭ ئۈنۈپ چىقىشى توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ . كۈز پەسلى تىكىلگەن بولسا ، تىكىپ بولۇپلا سۇ قويۇپ كانجىلىنىدۇ ، ئەتىياز پەسلى ئۈستى يەڭگىل بوشىتىلىدۇ .

(2 ) كۆچەت مايسىسىنى پەرۋىش قىلىش : ئەتىياز پەسلى تىكىلگەن ئۆرۈك ئۇرۇقچىسى 10 ~ 20 كۈن ئەتراپىدا ئۈنۈپ چىقىدۇ ، كۈز پەسلى تىكىلگەنلىرى 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرى ، 5 ـ

يۇقىرى تېمپېراتۇرا ، قۇرغاقچىلىق ۋە قىرو ئۇششۇكى قاتارلىقلار-
نىڭ زىيىنىنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ .
ئورمان بەلۋېغىنىڭ يۆنىلىشى ۋە قۇرۇلمىسى باغ بەرپا قىلىد-
ىغان رايوننىڭ ئاساسلىق شامال يۆنىلىشى ۋە شامال سۈرئىتىگە
ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ . ئادەتتە ئاساسىي ئورمان بەلۋېغى ئاساسلىق
شامال يۆنىلىشىگە تىك ، قوشۇمچە ئورمان بەلۋېغى ئاساسىي ئور-
مان بەلۋېغىغا تىك بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ .
ئىھاتە ئورمان بەلۋېغى قۇرۇلمىسى دېگەندە ئورمان دەرەخ
تۈرلىرى قىسمىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن قاتلىمىنىڭ قەۋەت سانى ، كەڭلىد-
كى ، بوي كەسمە شەكلى ، شاخ - يوپۇرماقلارنىڭ ئەھۋالى ، زىچلىد-
قى ۋە يورۇقلۇق ئۆتكۈزۈش ئەھۋالى كۆزدە تۇتۇلۇپ ، زىچ قۇرۇل-
مىلىق ، شالاڭ قۇرۇلمىلىق ۋە ھاۋا ئۆتكۈزۈشچان قۇرۇلمىلىق
قاتارلىق ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ . ئاپەت خاراكتېرلىك بوران كۆرۈلىدىغان
ۋە كۈچلۈك باغنىڭ بورانغا قارشى تەرىپىگە زىچ قۇرۇلمىلىق ئاسا-
سىي ئورمان بەلۋېغىنى ، باشقا تەرەپلەردىكى ئاساسىي ۋە قوشۇمچە
ئورمان بەلۋاغلىرىغا ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان قۇرۇلمىلىق ئورمان
بەلۋاغلىرىنى ئورۇنلاشتۇرسا بولىدۇ . تاغلىق يەرلەردە شامالغا قار-
شى يانتۇلۇققا ۋە يانتۇلۇقنىڭ ئۈستى تەرىپىگە زىچ قۇرۇلمىلىق
ئورمان بەلۋېغىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ، باشقا تەرەپلىرىگە ھاۋا ئۆتۈ-
شۈپ تۇرىدىغان ياكى يورۇقلۇق ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان ئورمان بەل-
ۋاغلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم .
ئورمان بەلۋاغلىرىنىڭ ئارىلىقى ۋە كەڭلىكى شۇ جايدا كۆرۈ-
لىدىغان ئەڭ كۈچلۈك بوران ( ئالتە بالدىن يۇقىرى ) نىڭ سۈرئى-
تىگە ئاساسەن بەلگىلەنسە ، ئاساسىي ئورمان بەلۋاغلىرىنىڭ ئارىلد-
قى دەرەخ ئېگىزلىكىنىڭ 20 ～ 25 ھەسسىسىگە تەڭ قىلىنسا ،
قوشۇمچە ئورمان بەلۋاغلىرىنىڭ ئارىلىقى ئەگەر شۇ جاينىڭ كىلد-
مىتى ياخشىراق بولسا 500～700 m قىلىپ لايىھىلەنسە بولىدۇ .
ئورمان بەلۋېغىنىڭ ئۆرۈكلۈك باغقا سايە بولۇۋېلىشىدىن ساق-
لىنىش ئۈچۈن ، باغنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى ئورمان بەلۋېغى بىلەن

ئۆرۈك قۇرى ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق 20 m دىن كەم بولماسلىقى
باغنىڭ شىمال تەرىپىدىكى ئورمان بەلۋېغى بىلەن ئۆرۈك قۇر
ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق 10 m دىن كەم بولماسلىقى كېرەك . شۇ
نىڭدەك ئورمان بەلۋېغىنىڭ باغ تەرىپىدىكى قۇرىدىن باغ تەرەپك
قارىتىپ 1 m ئارىلىق تاشلاپ ، چوڭقۇرلۇقى 1—1.5m ، كەڭلىك
0.3~0.5 m قىلىپ ئورمان بەلۋېغىنى بويلاپ ئېرىق قېزىپ
تېرەك يىلتىزلىرىنىڭ ئۆرۈك دەرىخى بىلەن ئوزۇقلۇق تالىشىش
نىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم .

ئاساسىي ئورمان بەلۋېغى 3 ~ 5 قۇر ئېگىز غوللۇق دەرەخ
2 ~ 4 قۇر چاتقالدىن ، قوشۇمچە ئورمان بەلۋېغى 2 ~ 3 قۇ
ئېگىز غوللۇق دەرەخ ۋە 1 ~ 2 قۇر چاتقالدىن تەركىب تاپ
بولىدۇ . ئورمان بەلۋاغلىرى ئۈچۈن تىكىلىدىغان ئېگىز غوللۇ
دەرەخلەرنىڭ قۇر ئارىلىقى 2~2.5 m ، تۈپ ئارىلىقى 5~2 m .
قىلىنسا ، چاتقاللارنىڭ قۇر ، تۈپ ئارىلىقلىرى ئەمەلىي ئەھۋال
ئاساسەن بەلگىلەنسە بولىدۇ .

## 3 . ئۆرۈك كۆچىتى يېتىشتۈرۈش

ئۆرۈك دەرىخىنىڭ شاخ ـ نوتىلىرىنىڭ يىلتىز چىقىرىش
ئىقتىدارى ناھايىتى ئاجىز ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈپ ئاساسىدىن نوت
لىمايدۇ . شۇڭا ، باشقا مېۋىلىك دەرەخلەرگە ئوخشاش ئۇنىڭدى
قەلەمچە قىلىش ، نوتا باستۇرۇش ئارقىلىق كۆچەت يېتىشتۈرگىل
بولمايدۇ . شۇ سەۋەبتىن ، ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىشتا يەنىلا ئەنئەن
ۋى ئۇسۇلدا ئۇرۇقچىسىنى تېرىپ ئۇلاق ئاستى قىلىپ ، ئۇلا
كۆچەت يېتىشتۈرۈش ئۇسۇلى ئاساس قىلىنماقتا .

تىكىلگەن ئۆرۈك ئۇرۇقچىسى ئۈنگەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ
ئەسلىي سورتىنىڭ خۇسۇسىيىتى ئىپادىلەنمەستىن ياۋا ئەجدادىن
خۇسۇسىيىتى ئىپادىلىنىدىغان بولغاچقا ، ئۇنى ئۇلاق ئاستى ق
لىپ ، نىشاندىكى سۈپەتلىك سورتنى ئۇلاش ئارقىلىقلا سۈپەتل

ئۆرۈك كۆچىتىگە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ. شۇڭا، ئۆرۈكنىڭ سۇ-
پەتلىك كۆچىتىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن قەدەم باسقۇچلۇق ھالدا
تۆۋەندىكى ھالقىلارنى چىڭ تۇتۇش كېرەك:

1) ئۆرۈكچا يىغىش ۋە تەييارلاش

ئۆرۈكچا — كۆچەت يېتىشتۈرۈشتىكى ماددىي ئاساس، شۇڭا كۆچەت يېتىشتۈرۈشتە ئالدى بىلەن يېتەرلىك ئۆرۈكچا يىغىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئۆرۈك ئۆرۈكچىسى ساغلام ئۆسكەن، قولايسىز شارائىتقا چىداملىق ئۆرۈك دەرەخلىرىنىڭ مېۋىلىرى تولۇق پىشقاندا ئايرىۋېلىنىدۇ. ئۆرۈكچا مەيلى ئاچچىق ياكى تاتلىق ۋە ياكى قايسى خىل سورت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تولۇق پىش-قان، كېسەللىك، زىيانداش ھاشارات زىيىنىغا ئۇچرىمىغان ساغلام تۈپلەردىن يىغىۋېلىنىدۇ. ياۋا ئۆرۈك تۈپلىرىدىن يىغىۋېلىنسا، كۆچەتنىڭ ھاياتىي كۈچى، ئىرسىيەت تۇراقلىقى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. يىغىۋېلىنغان ئۆرۈكچىلارنىڭ مېۋىسى ۋە مېۋە تىرپىلىرى تولۇق ئايرىۋېتىلگەندىن كېيىن پاكىز تازىلىنىپ، تولۇق قۇرۇتۇ-لۇپ، يىپ خالتىلارغا قاچىلىنىپ، قۇرغاق، سالقىن جايدا ساقلىنىدۇ.

ئۆرۈك ئۆرۈكچىسى گەرچە ئۆز تۈپىدە فىزىئولوگىيىلىك ۋە مورفولوگىيىلىك پىشىش باسقۇچلىرىنى تولۇق تاماملىغان بولسى-مۇ، ئەمما يەنىلا 80 ~ 100 كۈنلۈك تىنچلىنىش باسقۇچىدىن ئۆتۈپ، ئاندىن مۇۋاپىق تېمپېراتۇرا ۋە نەملىك شارائىتى ئاستىدا، بىر قاتار ئىچكى فىزىئولوگىيىلىك - بىئوخىمىيىلىك ئۆزگىرىش-لەرنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىنلا ئاندىن ئۈنۈپ كۆچەتكە ئايلى-نالايدۇ. بۇ خىل تىنچلىنىش جەريانى ئاخىرقى پىشىش باسقۇچى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۆرۈك ئۆرۈكچىسىنىڭ شاكىلى قېلىن، قاتتىق، قۇرۇلۇشى زىچ بولغاچقا، سۇنى سۈمۈرۈشى ئاستا بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا ئۈنەلمەيدۇ. ئاخىرقى پىشىش باسقۇچىنى تاماملىغان ئۆ-رۈك ئۆرۈكچىلىرى مۇۋاپىق بىخلاندۇرۇش باسقۇچىنى ئۆتكۈزگەن-دىلا نورمال بىخلىنىپ ئۈنۈپ چىقالايدۇ. شۇڭا، ئۆرۈك ئۆرۈكچى-

سىنى ئالدىن بىخلاندۇرۇپ تەييارلاش زۆرۈر. ئۈرۈك ئۇرۇقچىسى
نى بىخلاندۇرۇشنىڭ ئۇسۇللىرى كۆپ بولۇپ، تۆۋەندىكى
ئىككى خىل بىخلاندۇرۇش ئۇسۇلى كۆچەت يېتىشتۈرۈشكە
ئۇيغۇن كېلىدۇ.
(1) نەم توپىغا كۆمۈپ بىخلاندۇرۇش ئۇسۇلى: بۇ ئەمەلىي
ئىشلەپچىقىرىشتا قوللىنىشقا ئەڭ مۇۋاپىق، ئەڭ ئاددىي ۋە ئۈنۈم
لۈك ئۇسۇل بولۇپ، ئادەتتە قىش پەسلى ئۈچ ئاي ئەتراپىدا نەم
توپىغا كۆمۈپ بىخلاندۇرۇلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئال
دىن تەييارلانغان ئۇرۇقچا ئىلمان سۇغا ئىككى سوتكا چىلاپ قويۇ
لىدۇ، ئۈستىگە لەيلەپ چىققان تولۇق پىشمىغان، پوچەك ئۇرۇقلا
سۈزۈپ ئېلىۋېتىلىپ، ئاستىغا چۆككەن ساغلام ئۇرۇقچىلار تالل
ۋېلىنىدۇ. ئاندىن 11 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى يەر توڭلاش ئالدى
نەملىك ساقلىشى ياخشى، شورسىز، سۇ يىغىلىۋالمايدىغان تەسكە
يەرنى تاللاپ، ئۇرۇقچا مىقدارىغا قاراپ، ئۇزۇنلۇقى 70 cm~0
ئورەك قېزىپ، شورسىز، نەم ئۆستەڭ قۇمى تەييارلاپ، بىر
ھەسسە ئۇرۇقچىغا 3 ~ 5 ھەسسە قۇم ئارىلاشتۇرۇپ ياكى بىر
قەۋەت قۇم، بىر قەۋەت ئۇرۇقچا قىلىپ، قەۋەتمۇقەۋەت قىلى
ئورەككە قاچىلىنىدۇ. ئۇرۇقچىنىڭ سېسىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى
ئېلىش ۋە نەپەسلىنىش شارائىتىنى ياخشىلاش مەقسىتىدە، ئۇرۇق
چىنى قاچىلاش ۋاقتىدا ئوتتۇرىسىغا 2 ~ 3 تالغىچە قومۇش ياك
قوناق شېخى تىكلەپ يەر يۈزىگە چىقىرىپ قويۇلىدۇ. ئاندىن ئۈس
تىگە ئازراق قۇرۇق ئوت ـ چۆپ سېلىپ، ئۈستى نەم توپا بىلە
كۆمۈپ قويۇلىدۇ. ئەتىياز پەسلى ئورەكنىڭ بىر تەرىپىدىن ئازرا
ئېچىپ، ئۇرۇقچىنىڭ بىخلىنىش ئەھۋالى تەكشۈرۈپ كۆرۈلىدۇ
ئادەتتە بىخ كۆرۈلگەن ياكى شاكىلى ئاجرالغان ئۇرۇقچا 70%
يەتكەن بولسا، ئېچىپ كۆچەت ئېتىزىغا تىكىلسە بولىدۇ.
(2) ئەتىياز پەسلى تىكىش ئالدىدا بىخلاندۇرۇش ئۇسۇلى
ئۇرۇقچا كۈز پەسلى كۆمۈپ بىخلاندۇرۇلۇپ تەييارلانمىغان بولسا
ئەتىياز پەسلى تىكىش ئالدىدا تېز بىخلاندۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنى

لىدۇ . بۇنىڭ ئۈچۈن ، تېرىشتىن 20 ~ 25 كۈن ئىلگىرى تەييارلانغان ئۇرۇقچىلارنى 60~80 C لۇق قىزىق سۇغا چىلاپ ، 20 مىنۇت تۇرغۇزغاندىن كېيىن سۈزۈۋېلىپ سۈزۈك سوغۇق سۇغا چىلاپ ، سۈيىنى ھەر كۈنى 2 ~ 3 قېتىم ئالماشتۇرۇپ ئىككى سوتكا تۇرغۇزۇلىدۇ ، ئاندىن ئۈستىگە لەيلەپ چىققان ئۇرۇقچىلار سۈزۈپ ئېلىۋېتىلىپ ، ئاستىغا چۆككەن ساغلام ئۇرۇقچىلار سۈزۈۋېلىنىپ ، ئۇنىڭغا 3 ~ 4 ھەسسە نەم ، شورسىز ئۈستەڭ قۇمى ياكى ياغاچ كېپەكى ئارىلاشتۇرۇلۇپ ، بىخلاندۇرۇش ئىشكاپىدا ياكى كاڭ ئۈستىدە 25~30 C لۇق تېمپېراتۇرا شارائىتىدا بىخلاندۇرۇلىدۇ . بىخلاندۇرۇش جەريانىدا قۇم ياكى ياغاچ كېپەكنىڭ مۇۋاپىق نەملىكىنى ساقلاشقا دىققەت قىلىش كېرەك . بىخ كۆرۈلگەن ياكى تۆرەلمە چوڭىيىپ شاكىلى ئاجرالغان ئۇرۇقچا 70% كە يەتكەن بولسىلا كۆچەت ئېتىزىغا تىكىلسە بولىدۇ .

ئەتىيازدا تېرىشتا 10 cm چوڭقۇرلۇقتىكى تۇپراق تېمپېراتۇرىسى 10~12 C قا مۇقىملاشقاندا ، يەنى جەنۇبىي شىنجاڭدا 3 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 4 - ئاينىڭ بېشىغىچە ، شىمالىي شىنجاڭدا 4 - ئاينىڭ باشلىرىدىن ئوتتۇرىلىرىغىچە تېرىلسا بولىدۇ . چۆنەكلەپ تېرىشتا جەنۇب - شىمال يۆنىلىشى بويىچە ، كەڭلىكى 50 cm ، قاش ئۈستىنىڭ كەڭلىكى 30 cm چۆنەك ئېلىنىپ ، ئۇرۇقچا قۇر ئارىلىقى 20 cm ، تۈپ ئارىلىقى 8~10 cm ، 4~6 cm بويىچە تېرىلىدۇ . بۇنىڭدا ھەر موسۇغا 30~35 kg ئۇرۇقچا كېتىدۇ . تۈز يەرگە تېرىشتا ، يەر تەكشىلىنىپ 1.5 m كەڭلىكتىكى سۇلياۋ يوپۇق يېپىلىپ ، كەڭ قۇر ئارىلىقى 60 cm ، تار قۇر ئارىلىقى 30 cm ، تۈپ ئارىلىقى 8~10 cm قىلىنىدۇ . بۇنىڭدا ھەر موسۇغا 50 kg ئۇرۇقچا كېتىدۇ .

كۈزدە تېرىشتا ئۇرۇقچىلار يۇقىرىقى ئۇسۇل بىلەن بىر تەرەپ قىلىنغاندىن كېيىن ، يەر توڭلاشتىن بۇرۇن بىۋاسىتە تېرىلسا بولىدۇ . تېرىش ئۇسۇلى ئەتىيازدا تېرىش بىلەن ئوخشاش ، ئەمما تېرىش چوڭقۇرلۇقى 10 cm ئەتراپىدا قىلىنىپ زىچراق تېرىلىدۇ ،

ئۈستىگە بىر قەۋەت قۇمساق توپا تەكشى يېيىتىلىپ يەڭگىل چ
ىلىدۇ . يەر توڭلاشتىن ئىلگىرى قاندۇرۇپ كانجىلىنىدۇ. بۇن
دا ھەر موسىغا 60 kg ئەتراپىدا ئۇرۇقچا كېتىدۇ .
ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كۈز پەسلى تېرىشتا بىخلاندۇرمايلا كۆچە
ئېتىزىغا بىۋاستە تېرىلسىمۇ بولىدۇ . چۈنكى ؛ تېرىلغان ئۇرۇق
قىش پەسلى تۇپراق قاتلىمىدا بىخلىنىش باسقۇچىنى تاماملاپ
ئەتىياز پەسلى يېتىپ كەلگەندە ئۈنۈپ چىقىدۇ . كۈز پەسلى بىخلا
دۇرماي تېرىشتا ، ئالدى بىلەن كۆچەت تىكىلىدىغان يەرنى تەل
بويىچە تەييارلىۋېلىپ ، تېرىلىدىغان ئۇرۇقچا ئىلمان سۇ
3 ~ 5 سوتكا چىلاپ قويۇلىدۇ . سۇنى ھەركۈنى ئالماشتۇرۇپ
ۋاقىت توشقاندا لەيلەپ چىققان ئۇرۇقچىلار سۈزۈپ ئېلىۋېتىلىپ
ئاستىغا چۆككەن ساغلام ئۇرۇقچىلار سۈزۈۋېلىنىپ ، ئىك
سوتكا دۈملەپ قويغاندىن كېيىن تەييارلانغان يەرگە تەل
بويىچە تىكىلىدۇ .
2 ) كۆچەتخانا يېرىنى تاللاش ۋە تەييارلاش
كۆچەتخانا يېرىنى ياخشى تاللاش ۋە تەييارلاش — سۈپەتل
كۆچەت يېتىشتۈرۈشتىكى ئالدىنقى شەرت . شۇڭا ، قاتناشقا قولا
لىق ، يەر ئۈستى يۈزى تەكشى ، سۇغىرىشقا قولايلىق ، يەر ئاست
سۇ ئورنى 1.5~2 m دىن تۆۋەن ، جەنۇبىي يانتۇلۇقتىكى كۈنگ
بولغان ، تۇپراق قاتلىمى قېلىن ، تۇپرىقى مۇنبەت ، قۇمسىم
ياكى يەڭگىل ئەت تۇپراق دائىرىسىدىكى ، قۇرۇلمىسى ياخ
شى ، سۇ ـ ئوزۇقلۇق ساقلاش ئىقتىدارى يۇقىرى ، بوش
يۇمشاق ، شورسىز يەرلەر تاللىنىدۇ . تەركىبىدىكى تۇز مىق
رى 0.4% تىن يۇقىرى ، زەي ، تەسكەي تۇپراقلار كۆچەتزارل
قىلىشقا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ .
يەر تەييارلانغاندىن كېيىن ، كۈز پەسلى يەرنى تەكشى تۈ
لەپ ، قىرلىرىنى مۇستەھكەملەپ ، ھەر 667 كۋادرات مېتىر يەر
2 ~ 3 توننا ئەتراپىدا سۈپەتلىك ئېغىل قىغى بېرىپ ، قاندۇر

ـۇ قويۇپ، ئەتىيازدا ئۇرۇقچا تېكىشكە تەييارلىنىدۇ. ئەتىياز ـىلى يېتىپ كېلىپ يەرنىڭ ئۈستى تاۋلاشقان ھامان ھەر 667 ـۋادرات مېتىر يەرگە 10～20 kg ھېسابىدا دى ئاممونىي فوسفات ـوغۇتى چېچىپ، يەرنى 18～20 cm چوڭقۇرلۇقتا ئاغدۇرۇپ، ـۇپرىقىنى يۇمشىتىپ، تۈزلەپ سۆرەم سېلىپ، ئۇرۇقچا تېكىشكە ـييارلىنىدۇ.

3) ئۆرۈك ئۇرۇقچىسىنى تېكىش

ئۇرۇقچا ۋە يەر تەييارلانغاندىن كېيىن، ئۇرۇقچىنى تەلەپ ـويىچە تېكىش سۈپەتلىك كۆچەت يېتىشتۈرۈشتىكى مۇھىم كاپا-ـت. كۆچەتزارلىقتا تېكىلىدىغان ئۇرۇقچىنى كۈزدە تېكىسمۇ، ـتىيازدا تېكىسمۇ بولىدۇ. مەيلى قايسى پەسىلدە تېكىلىشىدىن ـىشىنەزەر، يەر تەييارلاش، چۆنەك ۋە ئۇچاستىكىلارغا ئايرىش ـوخشاش تەلەپ بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ھەر ئىككى پەسىلدە ـكىشنىڭ ئۆزىگە خاس ئارتۇقچىلىقى ۋە كەمچىلىكى بار بولۇپ، ـۈزدە تېكىلسە ئۇرۇقچىنى بىخلاندۇرۇش ئاۋارىچىلىكى ئازىيىپ، ـگەك كۈچى تېجەپ قېلىنىدۇ، ئەمما ئۇرۇق تېكىش مىقدارىنى ـۆپەيتىشكە (ھەربىر ئورەككە ئىككى تالدىن ئارتۇق ئۇرۇقچا تې-ـكىشكە)، تېكىش ئورنىنى چوڭقۇرراق (10～20 cm) قىلىشقا ـۇغرا كېلىدۇ؛ ئەتىيازدا تېكىلسە ئۇرۇقچىنى چوقۇم ئالدىن بىخ-ـلاندۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمما تېكىش چوڭقۇرلۇقى يۈزەكرەك (5～6 cm) بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەتىيازدا تېككەندە ئۇرۇقچا ـىقدارىنى تېجەپ قالغىلى، ئۈنۈش نىسبىتىنى ئۆستۈرگىلى ـولىدۇ. ئۇرۇقچىنى تېكىش تۆۋەندىكى تەرتىپ بويىچە ئېلىپ ـېرىلىدۇ:

(1) تېكىلىدىغان ئۇرۇقچا مىقدارىنى ھېسابلاش

كۆپرەك كۆچەت ئىشلەپچىقىرىشتا، ئۇرۇقچا مىقدارىنى تې-ـش ئۈچۈن، كېرەكلىك ئۇرۇقچا مىقدارى بىلەن يېتىشتۈرۈلىدى-ـن كۆچەت مىقدارىنى ئالدىن ھېسابلاپ نىشانلىق تېكىلىشى تەلەپ

قىلىنىدۇ . تىكىلىدىغان ئۇرۇقچا مىقدارى تۆۋەندىكى فورمۇلا بوي
چە ھېسابلىنىدۇ :

تىكىلىدىغان ئۇرۇقچا مىقدارى (kg/667m²) = يېتىشتۈرۈلىدىغان كۆچەت سانى ÷ ( ئۇرۇقچىنىڭ بىخلىنىش نىسبىتى (%) × ھەر kg ئۇرۇقچا سانى (تال) )

ئۇرۇقچا مىقدارى ھېسابلاپ چىقىلغاندىن كېيىن ، تەلەپ بوي
چە تەييارلانغان كۆچەت ئېتىزىغا تىكىلىدۇ . تىكىش سۈپىتى
تىكىش ئۆلچىمى تەلەپكە لايىق بولغاندىلا يېتىشتۈرۈلىدىغان نىشا
دىكى كۆچەت سانى ۋە سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ

(2) چۆنەك ئېلىش ياكى كاندۇكچە ياساش : ئۇرۇقچا تىكىش
تە چۆنەكلەپ تىكىش ياكى تۈز يەرگە كاندۇكچە ياساپ تىكىش
ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ . مەيلى قايسى خىل ئۇسۇل بويىچە تىكىل
سۇن ، چوقۇم جەنۇب ـ شىمال يۆنىلىشى بويىچە قۇر ئورۇنلاشتۇ
رۇلىدۇ . شۇنداق قىلغاندىلا ھاۋا ئۆتۈشۈش ، يورۇقلۇقتىن پايدىل
نىش ، شامالغا بەرداشلىق بېرىش شارائىتىنى ياراتقىلى ، قۇر ئار
سىنىڭ ئېنىق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ .

چۆنەكلەپ تىكىشتە جەنۇب ـ شىمال يۆنىلىشى بويىچە چۆنەك
ۋە قاش چىقىرىلىدۇ . چۆنەك بىلەن قاش ئۆلچىمى تۆۋەندىك
سخېما بويىچە بولسا بولىدۇ :




قاشنىڭ ئىككى تەرىپىدىن 10 cm دىن ئارىلىق قالدۇرۇ

ۇقچا تىكىلسە ، كۆچەتنىڭ قۇر ئارىلىقى 30 cm ، چوڭەك ئارى-
ى 70 cm قالىدۇ .
كاندۇكچە ياساپ تۈز يەرگە تىكىشتە ، ئالدى بىلەن تەييارلان-
ن يەرنى ئۇزۇنلۇقى جەنۇب ـ شىمال يۆنىلىشىدە ئۇچاستىكا
اندۇكچە )لارغا ئايرىۋېلىپ ، ھەربىر ئۇچاستىكا چېگراسى كە-
ك قىر ئارقىلىق ئايرىلىدۇ . ئۇچاستىكىنىڭ كەڭلىكى ۋە ئۇ-
نلۇقى كۆچەت ئېتىزىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ مۇۋاپىق
ۇنلاشتۇرۇلىدۇ .
مەيلى چوڭەكلەپ تىكىش ياكى تۈز يەرگە كاندۇكچىلاپ تىكىش
ۇلى قوللىنىلسۇن ، ئەڭ ياخشىسى سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تىكىل-
ئۈرۈقچىنىڭ ئۈنۈپ چىقىشى ۋە مايسىلىنىشى ياخشى بولىدۇ .
ياۋ يوپۇق يېپىشتا تار ئەنلىك سۇلياۋ يوپۇق قاش ئۈستىگە ھەم
لىدۇ ؛ كاندۇكچىلاپ تىكىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان بولسا ، كان-
كچە ئىچىگە ئارىلىقىنى 50 cm قالدۇرۇپ ، تۈز ، تەكشى ، ھەم
لىدۇ .
(3) ئۈرۈقچىنى تىكىش : يەر تەييارلىنىپ بولغاندىن كې-
ن ، بىخلاندۇرۇپ تەييارلانغان ئۈرۈقچا ئېچىپ ئېلىنىپ يەرگە
لىدۇ . سۇلياۋ يوپۇق يېپىلغان بولسا ، يوپۇقنىڭ ئىككى چېتى-
ن 8~10 cm ، تۈپ ئارىلىقىنىمۇ 8~10 cm قالدۇرۇپ ، يوپۇق
تىدىن 4~6 cm چوڭقۇرلۇقتا ئورەك ئېچىپ ، ھەربىر ئورەككە
~ 2 تال ئۈرۈقچا سېلىپ ، ئۈستىنى نەم ، يۇمشاق قۇم توپا
ن كۆمۈپ چىڭداپ قويسا بولىدۇ . سۇلياۋ يوپۇق يېپىلمىسە-
، ھەمدە كاندۇكچە ئۇسۇلى قوللىنىلغان بولسا ، كان-
كچە ئىچىگە 70 cm ، 30 cm كەڭ ـ تار قۇر قىلىپ تانا
سېپ ، ھەر 8~10 cm ئارىلىقتا ئورەك ئېچىپ ، 4~6 cm
قۇرلۇقتا ھەربىر ئورەككە 1 ~ 2 تال ئۈرۈقچا سېلىپ تىكىلە-
؛ ئۈستى نەم توپا بىلەن كۆمۈلۈپ ، كەتمەن ياكى گۈرجەكنىڭ
سى بىلەن يەڭگىل چىڭداپ قويۇلىدۇ .
ئەگەر كۈزدە تىكىلسە سۇلياۋ يوپۇق يېپىلمايدۇ . ئەمما ھەر-

قىلىنىدىغان يەر شورتاڭلىق بولۇپ باغ قىلىشقا مۇۋاپىق كەلمىسە
شور چايقاش ، بىر - ئىككى يىل ئاپتاپپەرەس ، قىزىلچا قۇم قاش
بىدە قاتارلىق زىرائەتلەرنى تېرىپ ، تۇپراقنى ياخشىلاش كېرەك

3 ) ئىھاتە ئورمان بەلۋېغىنى ئورۇنلاشتۇرۇش

شىنجاڭدا ئۆرۈك غورىسى چوڭىيىۋاتقان مەزگىلدە بورا
كۆپ چىقىدۇ . بوراننىڭ مېۋىنى تۆكۈۋېتىشىدىن مۇداپىئەلىنىش
باغنى قۇم - بوراننىڭ زىيىنىدىن ساقلاش ، باغ ئىچىنىڭ مىكرو
كىلىماتىنى ياخشىلاش مەقسىتىدە ، باغ ئەتراپىغا ئىھاتە ئورمان
بەلۋېغى بەرپا قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ . ئىھاتە ئورمان بەلۋېغى
بىلەن ئۆرۈك دەرىخىنىڭ ئارىلىقى 10~20 m دىن كەم بولماس-
لىقى ھەمدە ئىھاتە ئورمان بەلۋېغىنىڭ ئىچى تەرەپتىن
چوڭقۇرلۇقى 1 m دىن ئارتۇق ئېرىق (خەندەك) قېزىلىشى كې-
رەك . ئىھاتە ئورمىنى ئۈچۈن جىگدە ، تېرەك قاتارلىق ئېگىز
غوللۇق دەرەخلەر بىلەن پاكار غوللۇق چاتقاللار ئارىلاشتۇرۇلۇپ
ئۆستۈرۈلۈشى كېرەك . ئەمما ئۆرۈك دەرىخى بىلەن ئوخشاش كې-
سەللىك - ھاشارات زىيىنىغا ئۇچرايدىغان دەرەخ تۈرلىرىنى ئىھاتە
ئورمان بەلۋېغىغا ئورۇنلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ . شۇڭا ، ئاكاتسى-
يە ، قارىياغاچ ، ياڭاق قاتارلىقلارنى ئىھاتە ئورمىنى قىلماس-
لىق كېرەك .

ئۆرۈك چېچىكى ئاسان تۆكۈلىدىغان بولغاچقا ، ئىھاتە ئورمان
بەلۋېغى ئۆرۈكلۈك باغلارغا قارىتا ناھايىتى مۇھىم قوغداش رولىنى
ئوينايدۇ . بۇ ئۆرۈكلۈك باغلاردىن مۇقىم ، سۈپەتلىك ، يۇقىرى
مەھسۇلات ئېلىشنىڭ كاپالىتى ھېسابلىنىدۇ . ئەگەر مۇمكىن بولسا
ئىھاتە ئورمانلارنى باغ بەرپا قىلىنىشتىن 2 ~ 3 يىل بۇرۇن ئەھيا
قىلىنىۋەتسە ، بۇ رايوننىڭ كىچىك كىلىماتى ياخشىلىنىپ ، ئۆرۈك
كۆچەتلىرىنىڭ ئۆسۈشىگە ياخشى مۇھىت يارىتىلىدۇ . ئادەتتە ئى-
ھاتە ئورمان بەلۋېغى دائىرىسىدە ئوتتۇرىچە شامال سۈرئى-
تى 22~50% ، ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 22~35%
ئازىيىدۇ ؛ ھاۋانىڭ نەملىكى ئېشىپ ، تېمپېراتۇرا تەڭشىلىپ ،

ىنىڭ باشلىرى ئۇنۇپ چىقىدۇ . ئۇنۇپ چىققان هامان مايسا پەرۋى-
سىنى باشلاش كېرەك .

(3) مايسا چېنىقتۇرۇش ۋە تولۇقلاش : ئۇرۇقچا تىكىلگەن-
ن كېيىن 10 ~ 20 كۈن ئەتراپىدا ئۇنۇپ چىقىدۇ . كۆچەت
يىسى ئۆسۈپ 2 ~ 3 تال هەقىقىي يوپۇرماق چىقارغاندا دەسلەپ-
ى شالاڭلىتىش ۋە تولۇقلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ . بۇنىڭ ئۈچۈن ،
لدى بىلەن ئۆسۈشى ئاجىز ، كېسەللەنگەن ئارتۇق تۈپلەر يۇلۇپ
شلىنىدۇ . كۆچەت مايسىسى ئۆسۈپ 20~25 cm غا يېتىپ
~ 8 تال هەقىقىي يوپۇرماق چىقارغاندا ، كۆچەت مۇقىملاشتۇ-
رۇش ئېلىپ بېرىلىدۇ . بۇنىڭ ئۈچۈن يەنىلا ئاجىز ، زەئىپ مايسى-
رنى يۇلۇپ تاشلاپ ، بىر ئورەكتە بىرلا كۆچەت قالدۇرۇلسا
لىدۇ . مۇقىملاشتۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ ئۇنمەي قالغان يەرلەرگە
چ ، باراقسان ئۆسكەن ئورەكلەردىكى تاقلاپ ئېلىۋېتىشكە تېگىش-
لىك ساغلام مايسىلار مەخسۇس ياسالغان كۆچەت يۆتكەش ئەسۋابى
رقىلىق توپىسى بىلەن قومۇرۇلۇپ كۆچۈرۈپ تولۇقلىنىدۇ هەم
رهال سۇغىرىلىدۇ . ئۈستىگە دەرەخ شېخى ياكى ئوت - چۆپ
لەن سايە چۈشۈرۈلۈپ ، ئەي بولۇشىغا شارائىت يارىتىلىدۇ .

## 4 . كۆچەت تىكىش

ئۆرۈك كۆچەتلىرى جەنۇب - شىمال يۆنىلىشى بويىچە تىكىل-
ـسە مۇۋاپىق بولۇپ ، يورۇقلۇقتىن يېتەرلىك پايدىلىنالايدۇ . ئۆ-
ك دەرەخلىرىنىڭ ئارىسىغا پاكار غوللۇق ئىقتىسادىي زىرائەتلەر-
تېرىش پىلانلانسا ، ئۇ هالدا تىكىلىدىغان كۆچەتلەرنىڭ قۇر ،
پ ئارىلىقىنى 8 m×12 m ۋە 5 m×8 m قىلىپ ، هەرمو يەرگە
تۈپ ۋە 11 تۈپ كۆچەت تىكىلسە بولىدۇ . باغ كۆلىمى چوڭ ،
گەك كۈچى ئاز ، ئەمما پەرۋىش سەۋىيىسى يۇقىرى بولسا ، قۇر ،
پ ئارىلىقىنى 5 m×6 m ياكى 4 m×6 m قىلىپ ، ئۆلچەملىك
چ شەكلىدە هەر موسىغا 22 ~ 28 تۈپ ئۆرۈك كۆچىتى تىكىلسە

بولىدۇ .

كۆچەتلەرنى تىكىشتە يەر شەكلى تۈز ، سۇغىرىش شارائ
ياخشى بولسا ئورەك كولاپ بىۋاسىتە تىكسە بولىدۇ . يەر شەك
ئېگىز - پەس ، سۇ قىس جايلاردا سۇ تېجەش ئۈچۈن قۇر ئارىل
بويىچە ئۈستى كەڭلىكىنى 1~1.5 m ، ئاستى كەڭلىك
0.8 m~1 m ، چوڭقۇرلۇقىنى 0.3 m~0.4 m قىلىپ چۆن
ئېلىپ ، ئاندىن قۇر ئارىلىقىغا ئاساسەن چوڭقۇرلۇقى 0.6 m
كەڭلىكى 0.6~0.8 m لىق ئورەك كولاپ ، ئورەك ئىچىگە تول
چىرىگەن مەھەللىۋى ئوغۇت ۋە بىرىكمە ئوغۇتنى مۇۋاپىق مىقدا
ئارىلاشتۇرۇپ تۆكۈپ ، ئۈستىگە ئەت توپىدىن ئازراق قويۇپ ئاند
كۆچەتنى تىكسە بولىدۇ . ئورەكنى تىندۇرۇش جەريانىدا كۆچە
بىر قېتىم تارتىپ قويۇپ ، يىلتىزلارنىڭ توپا بىلەن بىرلىشىش
تېزلىتىش لازىم . كۆچەتلەرنى تىكىشتىن ئىلگىرى كۆچەت يىلتى
لىرىنى ABT يىلتىز ئۆستۈرگۈچ دورىسىغا 12 سائەت چى
قويسا ، كۆچەتلەرنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتى يۇقىرىلايدۇ .

# بەشىنچى ، ياڭاقلىق باغلارنى لايىھىلەش ۋە ياڭاقلىق باغ بەرپا قىلىش

## 1 . ياڭاقنىڭ مۇھىت ـ شارائىتقا بولغان تەلىپى

ياڭاق دەرىخىنى تىمەن ئۆستۈرۈپ ، مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇپ ، سۈپىتىنى ياخشىلاپ ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشتا ، ئۇنىڭ ئۆسۈشىگە ئېھتىياجلىق مۇھىت شارائىتىنى يارىتىپ بېرىش زۆرۈر .

1 ) يورۇقلۇققا بولغان تەلىپى

ياڭاق دەرىخى يورۇقپەرەس دەرەخ بولۇپ ، يورۇقلۇق ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ، مېۋىلىشىگە چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ . ياڭاق دەرىخىنىڭ بولۇق مېۋىلەش مەزگىلىدە يورۇقلۇققا بولغان تەلىپى كۈچلۈك بولۇپ ، يىللىق ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلى ئىچىدە يورۇقلۇق ۋاقتىنىڭ 2200 سائەتتىن كەم بولماسلىقىنى ، ئەڭ ياخشىسى 2600 سائەتتىن كۆپ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ .

2 ) تېمپېراتۇرىغا بولغان تەلىپى

ياڭاق دەرىخى ئىسسىقلىقنى خالايدۇ . يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 9～12℃ بولسا ياڭاقنىڭ ئۆسۈشىگە مۇۋاپىق كېلىپ ، مېۋىلەش تېمپېراتۇرا دائىرىسى ھېسابلىنىدۇ . ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 25℃ تىن يۇقىرى بولغاندا قىشتىن بىخەتەر ئۆتەلەيدۇ ھەم نورمال مېۋىلەيدۇ ؛ نۆلدىن تۆۋەن 25℃ تىن تۆۋەن بولسا چېچەك بىخلىرى ، يېڭى نوتىلىرى ۋە 2 ～ 3 يىللىق شاخلىرى ئۈششۈيدۇ ؛ نۆلدىن تۆۋەن 30℃ تىن تۆۋەن بولسا نورمال ئۆسەلمەيدۇ ، بەلكى پاكار ياكى چاتقالسىمان ئۆسىدۇ ؛ تېمپې-

ـراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 35°C تىن تۆۋەن بولسا يەر ئۈستى قىسم
توڭلايدۇ ، قۇرۇيدۇ ، ئەتىيازدا يىلتىزلىرىدىن يېڭى نوتىلار ئۈسۈ
چىقىپ چاتقال شەكلىنى ھاسىل قىلىدۇ .

3 ) تۇپراققا بولغان تەلىپى

ياڭاق دەرىخى چوڭقۇر ، كەڭ يىلتىز تارتىدىغان ، ئوغۇ
خۇمار دەرەخ بولغاچقا ، توپا قاتلىمى بىر مېتىردىن قېلىن ، مۇ
بەت ، قۇمساڭ ، سۇ ، ھاۋا ئۆتكۈزۈشچانلىقى ياخشى يەرنىڭ بول
شىنى تەلەپ قىلىدۇ . سېغىز تۇپراقلىق يەرلەر ياڭاق ئۆستۈرۈش
ماس كەلمەيدۇ . جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بەزى يېزا ، مەيدانلار سېغ
لاتقا تۇپراقلىق يەرلەردە ياڭاق ئۆستۈرگەندە كۆچەتلەر ياخشى ئۆس
مىگەن ياكى قۇرۇپ قالغان .

ياڭاق ئۆستۈرۈلىدىغان يەرنىڭ مۇنبەتلىكىنى ئاشۇرۇشتا م
ھەللىۋى ئوغۇتلارنى يېتەرلىك بېرىش ، ياڭاق دەرەخلىرى ئارىس
پۇرچاق تۈرىدىكى زىرائەتلەرنى ، قوغۇن ، تاۋۇز ، كۆكتاتلارنى ك
رىشتۈرۈپ تېرىش ياكى يېشىل ئوغۇت ئۆسۈملۈكلىرىنى تېرىپ
چېچەكلەش ۋاقتىدا يەرگە باستۇرۇش تەدبىرلىرىنى قوللانسا بول
دۇ . شۇنىڭ بىلەن بىللە ئازوت ، فوسفورلۇق ئوغۇتلارنى ئاسا
قىلىپ بېرىش لازىم .

ياڭاق تۇز ، شورغا چىدامسىز كېلىدۇ . تۇپراقتىكى تۇز مىق
دارى 0.03% تىن ئېشىپ كەتسە ، دەرەخنىڭ ئۆسۈشى ۋە مېۋىل
شىگە تەسىر يېتىدۇ . شۇڭا ، يەر ئاستى سۇ ئورنى 2 m دىن تۆۋە
بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ . ياڭاق دەرىخىنىڭ يوپۇرماقلىرى چو
ھەم كۆپ ، يازدا سۇنى پارلاندۇرۇشى كۈچلۈك بولغاچقا ، سۇ
كۆپرەك تەلەپ قىلىدۇ . شۇڭا ، ياڭاقلىق باغلارنىڭ سۇغىرى
شارائىتى ياخشى بولۇشى كېرەك . ياڭاقلىق باغ يېرى زىيادە ن
ياكى قۇرغاق بولۇپ كەتسىمۇ مېۋىلىشى تەسىرگە ئۇچرايدۇ . ش
ڭا ، باغ يېرى توختام سۇ يىغىلىۋالمايدىغان بولۇشى كېرەك . ناۋا
ھۆلچىلىك يۇز بەرسە ، ياڭاق دەرەخلىرى ئاسانلا كېسەللىك

ئىلگىرى سۇغىرىش ۋە توختام سۇلارنى چىقىرىۋېتىشكە قولايلىق
بولسۇن ئۈچۈن ، باغ يېرىنىڭ ئېگىز - پەسلىك پەرقىنى cm
دىن ئاشۇرماستىن تەكشى تۈزلەش ، باغ ئەتراپىغا ئىهاتە ئورمىنى
بەرپا قىلىش كېرەك . يەرگە يېتەرلىك ئاساسىي ئوغۇت بەرگەندىن
كېيىن ، يەرنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ تەكشىلەش لازىم .

## 3 . ياڭاق كۆچىتى يېتىشتۈرۈش

1 ) ئۇرۇق تەييارلاش

ئۇرۇق سۈپەتلىك سورتلاردىن ، يەنى كۆپەيتىش نىشانىغا ما
كېلىدىغان سورتلاردىن ئېلىنىپ ، ئىدىش ياكى داسقا سېلىنىپ
ئۈستىگە ئىلمان سۇ قۇيۇلغاندىن كېيىن تاياق بىلەن تەخمىنەن ئو
مىنۇت ئەتراپىدا ئارىلاشتۇرۇلىدۇ ، 24 سائەتتە سۈيى بىر قېتى
ئالماشتۇرۇلىدۇ ، كۈندە بىر قېتىم سوغۇق سۇدا چايقىلىدۇ . م
شۇنداق بىر تەرەپ قىلىنغان ئۇرۇقنى 7 ~ 10 كۈنلەردىن كېيى
سۇزۇۋېلىپ دەرھال تېرىسا بولىدۇ .

ئۇرۇقنى سۇغا چىلاپ ، ھەر ئىككى كۈندە سۈيىنى بىر قېت
ئالماشتۇرۇپ ، 10 ~ 15 كۈندىن كېيىن ئاپتاپقا سالسا ئۇرۇقل
يېرىلىدۇ . يېرىلغانلىرى ئۇدۇللۇق تېرىلسا بولىدۇ .

يەنە بىر خىل ئۇسۇل : 500 g ھاكقا 5~6 kg سۇ قۇيۇپ
ئۇرۇقنى ھاك سۈيىگە چىلاپ ، ھەركۈنى 1 ~ 2 قېتىم ، ھ
قېتىمدا بەش مىنۇت ئارىلاشتۇرۇپ ، 10 ~ 15 كۈندىن كېيى
سۇزۇۋېلىپ تېرىسا بولىدۇ .

2 ) يەر تەييارلاش

كۆچەت يېتىشتۈرۈلىدىغان يەر سۇغىرىشقا قولايلىق ، ت
قاتلىمى قېلىن ، قۇمساڭ ، مۇنبەت بولۇشى ، چۆرىسىدە ئىھ
ئورمىنى بار ، قاتنىشى قولايلىق بولۇشى لازىم . ئەگەر سېغ
تۇپراقلىق يەر بولسا ، ئۈستىگە 5~6 cm قېلىنلىقتا قۇم تۆكۈپ

www.uyghurkitap.com

ئوغۇتنى ئارىلاشتۇرۇپ چوڭقۇر ئاغدۇرۇش ، شېغىللىق يەر بولسا ، شېغىلنى تاسقاپ چىقىرىۋېتىش ۋە يەرنى تەكشى تۈزلەش لازىم .

3 ) تېرىش

ئۆرۈك ئادەتتە كۈز ، ئەتىياز پەسىللىرى تېرىلىدۇ . كۈزدە تېرىلسا بىخلىنىش ۋاقتى قىسقا بولۇپ ، ياڭاق مايسىلىرى تەكشى ئۈنۈپ چىقىدۇ . ئەمما كېلەر يىلى ئەتىيازدا بالدۇر ئۈنۈپ چىققانلىرى جۇدۇنغا ئۇچرىسا كۆپلەپ ئۇششۇپ كېتىدۇ . ئەتىيازدا تېرىلسا مايسىلارنىڭ ئۇششۇپ قېلىشىدىن ساقلانغىلى بولسىمۇ ، ئەمما ئۆرۈك ياخشى بىر تەرەپ قىلىنماي قالسا تولۇق ئۈنەلمەيدۇ .

تېرىشتا ئادەتتە چۆنەك چوڭقۇرلۇقى 15～18 cm ، قۇر ئارىلىقى 60～80 cm ، تۈپ ئارىلىقلىرى 10 cm ، تېرىش چوڭقۇرلۇقى 5～8 cm بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ . ئۆرۈكنىڭ يان قىرىنى يەرگە تۈز قىلىپ ، ھەر 10 cm ئارىلىقتا بىردىن قويۇپ ، ئۈستىنى 6～10 cm قېلىنلىقتا كۆمۈپ ، ئۈستىگە يېنىك دەسسەش لازىم . تېرىش ۋاقتىدىن ئالغاندا ، ياڭاقنى ئەتىيازدا ، يەنى 3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە تېرىپ بولۇش لازىم . مۇشۇ مەزگىلدىن كېيىن قالسا ياڭاق كۆچەتلىرىنىڭ غولى تولۇق ياغاچلىنالماي ، قىشتا ئۇششۇپ قۇرۇپ قالىدۇ .

(1) ئۆرۈكنى بىۋاسىتە تېرىپ باغ بەرپا قىلىش

باغ كۆلىمى چوڭ بولۇپ كۆچەت يېتىشتۈرۈشكە ئۈلگۈرەلمىگەندە ، ئۆرۈكنى بىۋاسىتە تېرىسا بولىدۇ ، يەنى بۇ ئۇسۇلنى سۇ ، تۇپراق شارائىتى ياخشى جايلاردا قوللانسا بولىدۇ . بۇنىڭدا ئالدى بىلەن يەرگە ئاساسىي ئوغۇت يېتەرلىك بېرىلىپ ئوسا قىلىنىدۇ . تۇپرىقى سېغىزلىق بولسا مۇۋاپىق مىقداردا قۇم تۆكۈلىدۇ . ياڭاقنى كۈزدە تېرىشتا قىسمەن كۆك پوستى بىلەن تېرىسىمۇ بولىدۇ ، ئەمما تېخنىكىلىق جەھەتتىن ئالغاندا پوستىدىن ئايرىپ تېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ . كۈزدە تېرىشتا ھاشارات ۋە قۇشلار زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ، ئورەك ئەتراپىغا ياكى ياڭاق پوستىغا

هاشارات يوقىتىش دورىلىرىنى چېچىپ قويۇش لازىم.
كۆچەت تىكىپ باغ بەرپا قىلىشتا ئەلا سورتلۇق ياڭاقلاردىن يېتىشتۈرۈلگەن كۆچەتلەرنىڭ تىكىلىش ۋاقتى، ئۇسۇلى ۋە تېخنىكىلىق هالقىلارنى پۇختا ئىگىلەپ، تۈپ، قۇر ئارىلىقلىرىنى 10 m×10 m قىلىپ تىكىش، ئارىلىقلىرىغا 10 ~ 15 يىل باشقا زىرائەتلەرنى كىرىشتۈرۈپ تېرىش لازىم. بۇ خىل باغلاردىكى ياڭاق تۈپلىرى ئون نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن شاخلىرى باراقسان ئۆسۈپ، يورۇقلۇق ۋە هاۋا ئۆتۈشۈشكە تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا، قىش پەسلى كۆپرەك چاتاش، ياز پەسلى بويىغا زورلاپ ئۆسۈپ كەتكەن شاخلىرىنى چاتاشقا توغرا كېلىدۇ.

(2) تارقاق تىكىپ ياڭاقلىق بەرپا قىلىش

ياڭاقلىق بەرپا قىلىشتا ئادەتتىكى تەتقىقات ۋە ئىشلەپچىقىرىش مەقسەت قىلىنغان بولسا، تۈپ، قۇر ئارىلىقلىرى 8 m×8 m ياكى 10 m×10 m بويىچە قىلىنسا بولىدۇ؛ قويۇق تىكىپ دەسلەپتىلا مول هوسۇل ئېلىش مەقسەت قىلىنغان بولسا، تۈپ، قۇر ئارىلىقلىرىنى 5 m×5 m ياكى 4 m×5 m بويىچە قىلىپ تىكىپ، 10 ~ 15 يىلدىن كېيىن كۆچەتلەرنى ئارىلاپ كۆچۈرۈپ ئېلىۋېتىپ، 10 m×10 m بويىچە مۇقىملاشتۇرسا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، هويلا ـ ئارامىلارنىڭ ئالدى ـ كەينىگە، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنىڭ بويلىرىغا تىكىپ ئۆستۈرسىمۇ، شۇنىڭدەك سالا ئېتىزلارنىڭ سۇغىرىش ئېرىقلىرىغا تىكىپ ئۆستۈرسىمۇ بولىدۇ. بۇنىڭدا تۈپ ئارىلىقى 10 m، قۇر ئارىلىقى 25~33 m بولىدۇ. بۇ ئۇسۇلدا يەرنى ئۈزلۈكسىز ئىشلىتىش ئۈنۈمى يۇقىرى بولىدۇ، باشقا زىرائەتلەرنىڭ مەهسۇلاتىغا ئانچە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. كۆچەت ئاز كېتىدۇ، ئۈنۈمى يۇقىرى بولىدۇ.

(3) «+» شەكىللىك ياڭاقلىق بەرپا قىلىش

بۇ ئۇسۇل يەر ئاز، ئادەم كۆپ جايلارغا ماس كېلىدۇ. بۇنىڭدا ئاساسلىقى 270 مولۇق سالا ئېتىزغا 90 تۈپ، يەنى هەر ئۈچ مو

يەرگە بىر تۈپ ياڭاق كۆچىتى تىكىلىدۇ . تۈپلەر ئارىلىقى يىراق بولغاچقا ، ئۆسۈشى ھېچقانداق تەسىرگە ئۇچرىمايدۇ ، مول مېۋىلەيدۇ ، پەرۋىشكە قولايلىق بولىدۇ .

## 4 . چاڭلاشتۇرغۇچى سورتلارنى سەپلەش

ياڭاق دەرىخىنىڭ ئاتىلىقى بىلەن ئانىلىقى بىر تۈپتە بولسىمۇ ، لېكىن ئاتىلىقى بىلەن ئانىلىقىنىڭ چېچەكلەش مەزگىلى ئوخشاش بولمىغاچقا ، ئۆزىدىن چاڭلىنىش نىسبىتى تۆۋەن بولۇپ ، مەھسۇلاتى ۋە سۈپىتىگە تەسىر يېتىدۇ . شۇڭلاشقا ، ھازىرغىچە ئاپتونوم رايونلۇق زىرائەت سورتلىرىنى باھالاپ بېكىتىش كومىتېتى باھالاپ نام بەرگەن 26 ياڭاق سورتىدىن تاللاپ ياڭاقلىق باغ بەرپا قىلىش ، ئەمما ھەربىر باغدىكى ياڭاق سورتىنى ئىككىدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك شەرتى ئاستىدا ، چاڭلاشتۇرغۇچى سورتلارنى سەپلەش زۆرۈر .

ياڭاق شامال ئارقىلىق چاڭلىنىدۇ . ئادەتتە شامال سۈرئىتى ۋە ياڭاق سورتى ياڭاقنىڭ چاڭلىنىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ . شۇڭلاشقا ، ھەر 4 ~ 5 قۇر ئاساسلىق ئۆستۈرۈلىدىغان سورتقا بىر قۇر چاڭلاشتۇرغۇچى سورتنى سەپلىسە بولىدۇ . ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا ، ئاساسلىق سورت بىلەن چاڭلاشتۇرغۇچى سورتنىڭ ئارىلىقى 60~100 m بولسا بولىدۇ ، 50~90 m ئارىلىقتا چاڭ دانچىلىرى ئەڭ كۆپ بولىدۇ . ئاساسلىق سورت بىلەن چاڭلاشتۇرغۇچى سورتنى قۇر بويىچە سەپلەش ، كۆلىمى كىچىك باغلاردا چاڭلاشتۇرغۇچى سورتلارنى مەركەزلىك سەپلەش لازىم .

## 5 . ياڭاق كۆچەتلىرىنى تىكىش

بالدۇر مېۋىلەيدىغان سورتلارنىڭ مەھسۇلاتى يۇقىرى بولىدۇ ، ئەمما دەرەخ باراقسىنى كىچىك بولغاچقا ، چىلگە سورتلارنى زىچ-

ـراق ، يەنى تۈپ ، قۇر ئارىلىقلىرىنى 3~5 m ياكى 5~6 m قىلىـ
تىكىش لازىم . كېچىكىپ مېۋىلەيدىغان جاغدا سورتلارنىڭ مەھسـ
لاتى نىسبەتەن ئاز ، ئەمما دەرەخ باراقسىنى چوڭراق بولغاچقـ
تۈپ ، قۇر ئارىلىقلىرى 6~8 m ياكى 8~9 m قىلىنسا بولىدۇ
بالدۇر مېۋىلەيدىغان كىچىك ياڭاق كۆچەتلىرىنى تىكىشكە توغـ
كەلسە ، تۈپ ، قۇر ئارىلىقلىرىنى 3×5 m ياكى 5×6 m قىلىـ
تىكىش ، ناۋادا كۆچەتلەر چوڭىيىپ بوك ـ باراقسان ئۆسۈپ كەـ
سە ، پىلانلىق شالاڭلىتىپ ، كەڭ قۇرلۇق ھالەتنى شەكىللەندۇرـ
بولىدۇ .

قىشتا قاتتىق سوغۇق ، بوران كۆپ چىقىدىغان جايلاردا تۇپرا
قاتلىمىنىڭ توڭلىشى چوڭقۇر بولغاچقا ، كۆچەتلەرنى ئەتىيازدا تـ
كىش كېرەك . ئەتىيازدا ئىمكانقەدەر بالدۇرراق تىككەندە ، تۇپرا
نەملىكىدىن پايدىلىنىپ كۆچەتلەرنىڭ ئەي بولۇشىنى تېزلەتكىلـ
بولىدۇ . كۈزدە تىكىشتە دەرەخلەر يوپۇرماق تاشلاپ ، يەر توڭلاشـ
تىن ئىلگىرى ، يەنى 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 11 ـ ئاينـ
ئوتتۇرىلىرىغىچە تىكىلسە بولىدۇ . كۆچەتلەر كۈزدە تىكىلسە قىـ
كىرگۈچە مەلۇم دەرىجىدە يىلتىز تارتىپ ئۈزلىشۋالىدۇ ـ دە
ئەتىيازدا بالدۇر بىخلاپ تېمەن ئۆسىدۇ . كۆچەتلەرنى تىكىپ بولۇ
دەرھال بىر ـ ئىككى قېتىم قاندۇرۇپ سۇغىرىش لازىم .

## 6 . شەكىلگە كەلتۈرۈپ چاتاش

1 ) ياش تۈپلەرنى شەكىلگە كەلتۈرۈپ چاتاش

مۇنبەت يەردە ئۆستۈرۈلگەن سورتلارغا غولى كۆچلۈك شالاـ
قەۋەتلىك شەكىل ، مۇنبەتسىز يەردە ئۆستۈرۈلگەن ، دەرەخ باراـ
سىنى يېيىلىپ ئۆسىدىغان سورتلارغا ئوتتۇرىسى تەبئىي يېيىلغاـ
شەكىل مۇۋاپىق كېلىدۇ .

(1) شالاڭ قەۋەتلىك شەكىل : بۇنىڭدا مەركىزىي غولىنـ
ئېگىزلىكى 1~1.5 m بولۇپ ، 5 ~ 7 تال ئاساسىي شېخـ

3 ~ 4 قەۋەتكە ئايرىلىپ تۇرىدۇ. 1 ـ قەۋەتتە ئۈچ تال، 2 ـ قەۋەتتە ئىككى تال، 3 ـ، 4 ـ قەۋەتلەردە بىر تالدىن ئاساسىي شاخ يېتىشتۈرۈلىدۇ. 1 ـ قەۋەت بىلەن 2 ـ قەۋەتنىڭ ئارىلىقى 1~1.5 m، باشقا قەۋەتلەرنىڭ ئارىلىقلىرى 1 m ئەتراپىدا قىلىنىدۇ. 1 ـ قەۋەتتىكى ھەرقايسى ئاساسىي شاخلاردا 3 ~ 4 تال يان شاخ يېتىشتۈرۈلىدۇ. 1 ـ يان شاخ بىلەن غولنىڭ ئارىلىقى 1.5 m، 2 ـ يان شاخ بىلەن 1 ـ يان شاخنىڭ ئارىلىقى 1 m ئەتراپىدا قىلىنىدۇ. 2 ـ قەۋەتتىكى ھەرقايسى ئاساسىي شاخلاردا 2 ~ 3 تال يان شاخ، 3 ـ قەۋەتتە بىر تال يان شاخ، 4 ـ قەۋەتتە شاخ گۇرۇپپىسى يېتىشتۈرۈلىدۇ. شەكىلگە كەلتۈرۈش جەريانىدا ھەرقايسى شاخلارنىڭ بېقىندىلىق مۇناسىۋىتى داۋاملىق تەڭشىلىپ، ئۆسۈش ئىقتىدارى تەكشۈۈلاشتۇرۇلىدۇ. قوشۇمچە شاخلىرى مۇۋاپىق ھالدا كۆپرەك قالدۇرۇلۇپ، رىقابەتچى شاخلار كونترول قىلىنىدۇ ھەمدە ئۇلاردىن پايدىلىنىلىدۇ.

(2) ئوتتۇرىسى تەبىئىي يېيىلغان شەكىل: بۇنىڭدا مەركىزىي غول ئېنىق بولمايدۇ، ئاساسىي شاخلىرىنىڭ سانى ۋە ئۆسۈش ھالىتىگە قاراپ 3 ~ 5 تال ئاساسىي شاخ قالدۇرۇلىدۇ، ھەربىر ئاساسىي شاختا 2 ~ 3 تال يان شاخ قالدۇرۇلىدۇ. يان شاخلارنى قالدۇرۇش ئۇسۇلى شالاڭ قەۋەتلىك شەكىلگە ئوخشايدۇ. ئاساسىي شاخلارنىڭ بۇلۇڭى شالاڭ قەۋەتلىك شەكىلنىڭكىدىن كىچىكرەك بولىدۇ.

2) مېۋىلىگەن تۇپلەرنى چاتاش

مېۋە شېخى گۇرۇپپىلىرى دەسلەپتە مەيلىگە قويۇۋېتىپ كېيىن قىسقارتىش، يانتۇ ئۆسكەنلىرىنى قالدۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق يېتىشتۈرۈلىدۇ. مېۋە شېخى گۇرۇپپىلىرىنىڭ ئارىلىقلىرى 60~100 m قىلىپ تەڭشىلىدۇ. قوشۇمچە شاخلارنىڭ كۈچلۈكلىرى كېسىۋېتىلىپ، ئاجىزلىرى ۋە ئوتتۇراھال ئۆسكەنلىرى قالدۇرۇلىدۇ. تۈۋەنگە ساڭگىلاپ ئۆسكەن شاخلار ناۋادا مېۋىلىگەن بولسا، مېۋە بېرىپ بولغاندىن كېيىن دەرھال قىسقارتىپ چاتاپ،

ئانا مېۋە شېخى يېتىشتۈرۈلىدۇ . بويىغا زورلاپ ئۆسكەن شاخ
دەسلەپتە ئۆسۈشكە قويۇپ بېرىلىپ ، مېۋىلەشكە باشلىغاندىن ك
يىن قىسقارتىش ، ئۈچىنى كېسىش ، زىچ ئۆسكەنلىرىنى شالاڭلا
تىش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ . بولۇق مېۋىلىگەن دەرەخلە
ئاجىزلاش ، قېرىش ئالامەتلىرى كۆرۈلسە ، بويىغا زورلاپ ئۆسك
شاخلارنى يېڭىلاش ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىش ئارقىلىق دەرەخنى
هاياتىي كۈچىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش لازىم .

3) قېرى تۇپلەرنى چاتاش

ياڭاق دەرىخى قېرىغاندىن كېيىن ئۆسۈش ھالىتى ئاجىزلاپ
مەھسۇلاتى ئازىيىدۇ . شۇڭا ، سۇ ، ئوغۇت پەرۋىشىنى كۈچەيت
ئاساسىدا دەرەخ باراقسىنىنى يېڭىلاش لازىم . يېنىك يېڭىلا
ھەرقايسى ئاساسىي شاخلارنىڭ ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى قىسمىدىكى ش
ئايرىغان ئورنىدىن ، يەنى ئاساسىي شاخلارنىڭ ئۈچتىن بىر قىس
كېسىۋېتىلىدۇ . ئېغىر يېڭىلاشتا ئاساسىي شاخلارنىڭ 2/3 قىس
كېسىۋېتىلىدۇ . مەيلى قايسى خىل يېڭىلاشتا بولسۇن، كېسىلگ
ئورۇندا ئايرىغان شاخ بولۇشى ياكى يېڭىدىن شاخ ھاسىل قىلى
ئىقتىدارى بولۇشى كېرەك .

ئۇلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، سوغۇقنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرل
نى قوللىنىش ئارقىلىق شاپتۇل دەرىخىنىڭ سوغۇققا چىداملىق
قىنى ئاشۇرۇش لازىم .

3 ) سۇغا بولغان تەلىپى

شاپتۇل دەرىخى ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا فىزىئولوگىيىل
ئېھتىياجىنى تەمىن ئەتكۈدەك سۇنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىد
ئەمما تۆۋگە سۇ يىغىلىۋېلىشتىن قورقىدۇ . تۇپراق نەملىكى
تەرسىز بولسا يىلتىزلىرىنىڭ ئۆسۈشى ئاستىلايدۇ ياكى قۇر
قالىدۇ ، نوتىلىرى ۋە يوپۇرماقلىرىنىڭ ئۆسۈشى ئاجىز بولىد
يوپۇرماقلىرىدا كۆيۈك داغلىرى پەيدا بولۇپ يۆگىلىۋالىدۇ ، ھ
تۆكۈلۈپ كېتىدۇ ؛ مېۋىسىنىڭ سۇغا سىزىمچانلىقى ئەڭ كۈچل
بولۇپ ، سۇ يېتەرلىك بولمىسا مېۋىسى يىگلەپ قورۇلۇپ قالىد
تۆكۈلىدۇ ، شۇنداقلا مەھسۇلاتى ، سۈپىتى تۆۋەنلەيدۇ .

4 ) تۇپراققا بولغان تەلىپى

شاپتۇل دەرىخى تۇپراق قەۋىتى قېلىن ، قۇمساق ، توخ
سۇلار چىقىپ كېتەلەيدىغان يەرلەردە ئۆستۈرۈشكە ماس كېلىد
سىغىز تۇپراقلىق يەرلەردە ئاسانلا يىلىم ئېقىش كېسەللىكى پ
بولىدۇ . pH قىممىتى 5.2~4.9 بولغان ، يەنى ئاجىز كىسلا
لىق ، تۇز مىقدارى 0.1~0.2% بولغان يەرلەرگە ماس كېلىد
تۇپراق قەۋىتى نېپىز بولسا ، شاپتۇل دەرىخىنىڭ ئۆسۈشى چەك
مىگە ئۇچراپ ، بالدۇر چېچەكلەپ بالدۇر پىشسىمۇ ، ئەمما مېۋ
ئۇششاق ، مەھسۇلاتى ئاز ، مېۋىلەش دەۋرى قىسقا بولۇپ قالىد
مۇنبەت يەرلەردە ئۆسۈشى كۈچلۈك بولۇپ كېتىپ ، مېۋىلى
كېچىكىدۇ ھەمدە يىلىم ئېقىش كېسەللىكى پەيدا بولىدۇ .

## 2 . شاپتۇللۇق باغنى لايىھىلەش

1 ) باغ ئورنىنى تاللاش

شاپتۇل دەرىخى ھۆلچىلىككە چىدامسىز بولغاچقا ، شاپتۇلل
باغ ئۇچۇن يەر ئاستى سۇ ئورنى تۆۋەن ، توختام سۇلارنى چىقىرى

ىش ئاسان ، يورۇقلۇق ياخشى چۈشىدىغان ، قاتنىشى قۇلايلىق يەرلەرنى تاللاش ، سازلىقتا يېقىن ، نەملىكى زىيادە يۇقىرى يەرلەر-ى تاللىماسلىق لازىم . كونا شاپتۇللۇق باغلار بولسا ، ئۇنى بۇزۇۋې-تىپ ، بىرقانچە يىل باشقا زىرائەتلەرنى تېرىپ دەم ئالدۇرغاندىن كېيىن شاپتۇللۇق باغ قىلىشقا بولىدۇ .

2 . سورتلارنى سەپلەش

شاپتۇللۇق باغ بەرپا قىلىشتا شۇ جاينىڭ ئىستېمال ئەھۋالى ۋە يەرلىك ئەلا سورتلىرىنى ، شۇنىڭدەك سورتلارنىڭ ماسلىشىش-چانلىقىنى ئاساس قىلىش ھەمدە مېۋىنىڭ ساقلاشقا ، توشۇشقا چى-دامىلىقلىقى ۋە سۈپىتى قاتارلىق تەرەپلەرنى ئويلىشىش لازىم . ئۆزىدىن چاڭلىنالمايدىغان سورتلارغا چاڭلاشتۇرغۇچى سورتلارنى سەپلەش ، ئەمما بىر باغدا ئىككى ـ ئۈچ خىل سورتتىن ئاشۇرۇۋەت-مەسلىك لازىم . سورت سەپلەشتە يەنە چىلگە ، ئارا پىشار ، جاغدا سورتلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ، بازارنى خېلى ئۇزۇنغىچە شاپتۇل بى-لەن تەمىنلەيدىغان قىلىش كېرەك .

## 3 . شاپتۇل كۆچىتى يېتىشتۈرۈش

1 ) ئۇرۇقچا تەييارلاش ۋە بىخلاندۇرۇش

شىنجاڭدا ئۆستۈرۈلۈۋاتقان يەرلىك شاپتۇللارنىڭ سورتلىرى كۆپ بولۇپ ، ھەرقايسى رايونلارنىڭ يەنە ئۆزىگە خاس سورتلىرى بار . بۇ سورتلار ئۆستۈرۈشكە ماس كەلسىلا كېڭەيتىشكە بولىدۇ . يەرلىك سورتلاردىن سۈپىتى ياخشى ، مېۋىسى چوڭ ، ئىستېمال دائىرىسى كەڭ ، كۆركەم ، تەمى تاتلىق ، ئېتى ئۇرۇقچىسىدىن ئاجرايدىغان ، ئىقتىسادىي قىممىتى يۇقىرى ، ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈكلىرىنى تاللاپ ، مېۋىسى مەي بولغاندا يىغىۋېلىپ ، ھۆل پېتى يەپ ياكى قاق سېلىپ ئۇرۇقچىسىنى ئايرىۋېلىپ ، قۇرۇتۇپ ساقلاش لازىم .

ئۇرۇقچىنى بىخلاندۇرۇشتا ، ئالدى بىلەن قايتا بىر قېتىم

تەكشۈرۈپ ، پۈچەك ، زەخملەنگەنلىرىنى چىقىرىۋېتىپ ، 1
ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ بىخلاندۇرۇش تەييارلىقىنى ئىش
لازىم . بىۋاسىتە تېرىشتا ، بىخلاندۇرۇلغان ئۇرۇقچىنى 9
10 ـ ئايلاردا تۈز يەرلەرگە تېرىپ ، يەر توڭلىغۇچە ئارىلىقتا
قېتىم سۇغارسا ، ئەتىيازدا ئۇرۇقچىلار زايە بولماي ئۈنۈپ چ
دۇ . ئۇرۇقچىلارنى بىخلاندۇرۇش ئۇسۇلى ئۆرۈكنىڭكىگە ئوخش
بولىدۇ .

2 ) ئۇرۇقچىنى تېرىش

بىخلانغان شاپتۇل ئۇرۇقچىسىنى ئەتىيازدا ، يەنى 3 ـ ئاي
25 ـ كۈنلىرىدىن 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنلىرىگىچە ئوسا قىل
تەييارلانغان يەرگە چوڭقۇرلۇقىنى 4～6 cm ، تۈپ ئارىلىق
نى 8～10 cm ، قۇر ئارىلىقىنى 50 cm قىلىپ تېرىسا ، ھە
يەرگە 40～45 kg ئۇرۇقچا سالسا بولىدۇ . تېرىلىدىغان يەر ق
ساق ئەت تۇپراقلىق ياكى يەر ئاستى سۇ ئورنى تۆۋەن ،
يىغىلىپ قالمايدىغان بولۇشى ، يېتەرلىك مەھەللىۋى ئوغ
تۆكۈلگەندىن كېيىن ، چوڭقۇر ئاغدۇرۇلۇپ تەكشى تۈزل
نىشى تەلەپ قىلىنىدۇ .

3 ) كۆچەتلەرنى تىكىش

شاپتۇل كۆچەتلىرىنى يەرنىڭ توڭى ئېرىگەندىن باشلاپ بىخ
نىشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگىچە ، قۇر يۆنىلىشىنى جەنۇب ـ ش
مال يۆنىلىشى بويىچە قىلىپ ، تۈپ ، قۇر ئارىلىقلىرى
4×2 m ياكى 4×3 m قىلىپ تىكسە بولىدۇ . ئورەك دىئامېتى
ۋە چوڭقۇرلۇقى 0.6～0.8 m قىلىپ كولىنىپ ، ھەربىر ئورە
15～20 kg ئورگانىك ئوغۇتقا تەڭ مىقداردا تۇپا ئارىلاشتۇرۇل
تەييارلىنىدۇ . تىكىشتە تەييارلانغان ئوغۇتلۇق تۇپا ئورەكنىڭ يې
مىغىچە تولدۇرۇلۇپ ، كۆچەت ئورەكنىڭ ئوتتۇرىسىغا ، يىلت
بوغۇزى يەر يۈزى بىلەن تەڭلەشتۈرۈلۈپ قويۇلىدۇ ۋە تۇپا تىند
رۇلىدۇ . تىندۇرۇش جەريانىدا كۆچەت بىر ـ ئىككى قېتىم ئۈ
تىگە بوش تارتىلىپ ، يىلتىزلىرىنىڭ تۇپا بىلەن بىرىكىشى ئەل
رى سۇرۇلىدۇ . كۆچەت تىكىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن ئىككى

ئۈچ قېتىم قاندۇرۇپ سۇغىرىلىدۇ ۋە قىيسىيىپ قالغان تۇپلەر تىكلىنىدۇ .

4) چېچەك، غورىلىرىنى شالاڭلىتىش

شاپتۇلنىڭ چېچەك بىخى كۆپ بولسا مېۋىلىشىمۇ كۆپ بولىدۇ، بولۇپمۇ بولۇق مېۋىلەش مەزگىلىدە مېۋە مىقدارىمۇ دەرەخنىڭ بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىدىن ئېشىپ كېتىدۇ . بۇنداق ئەھۋالدا مېۋىلىرى ئۇششاقلاپ، سۈپىتى ناچارلىشىدۇ، دەرەخ بالدۇر ئاجىزلايدۇ، ھوسۇللۇق ـ ھوسۇلسىز يىل پەرقى روشەنلىشىدۇ . شۇڭلاشقا، قىشلىق چاتاشتىن ئىلگىرى چېچەك بىخلىرىنى يىمىرىش ياكى مېۋە شېخىنى قىسقارتىپ چاتاش، ئاندىن بالدۇر ئېچىلىۋالغان ۋە ئېچىلىشى كېچىككەن چېچەكلەرنى ئۈزۈۋېتىش لازىم . چېچەك بىخلىرىنى بالدۇرراق شالاڭلاتقاندا مېۋىلەرنىڭ تۆكۈلۈشىنى ئازايتقىلى بولىدۇ .

تەجرىبىلەرگە ئاساسلانغاندا، شاپتۇل غورىلىرىنى قالدۇرۇش ئۆلچىمى مۇنداق : ئاساسىي شاخلارنىڭ ئۇزارغۇچى شاخلىرىدىكى غورىلار ئۈزۈۋېتىلىدۇ، بويىغا زورلاپ ئۆسكەن مېۋە شاخلىرىدا تۆت ـ بەش تال، ئوتتۇرا مېۋە شاخلىرىدا ئۈچ ـ تۆت تال، ئوتتۇراھال مېۋە شاخلىرىدا بىر ـ ئىككى تال، قىسقا مېۋە شاخلىرىدا بىر تالدىن غورا قالدۇرۇلىدۇ . بىر شاختىكى غورىلارنىڭ ئارىلىقى 10～12 cm قالدۇرۇلىدۇ . غورىلارنى قالدۇرۇش تەرتىپى دەرەخ شاخلىرى بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگە، ئىچىدىن سىرتىغا قارىتا بولىدۇ .

## 4 . شاپتۇل دەرەخلىرىنى شەكىلگە كەلتۈرۈپ چاتاش

شاپتۇل دەرەخلىرى شەكىل جەھەتتە تەبىئىي ئېچىلغان رومكىسىمان ۋە تەبىئىي ئۈچۈق ئىككى خىل شەكىلگە كەلتۈرۈپ چاتالسا بولىدۇ . تەبىئىي ئېچىلغان رومكىسىمان شەكىلگە كەلتۈرۈشتە، كۆچەت تىكىلگەندىن كېيىن غولى 50～60 cm قالدۇرۇلۇپ مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ . 1 ـ يىلى ئۈچ تال ئاساسىي شاخ

تەربىيىلىنىدۇ ، ھەربىر ئاساسىي شاخ ئارىسىدىكى بۇلۇڭ °120
ئاساسىي شاخ بىلەن غول ئارىسىدىكى بۇلۇڭ °45 قىلىنىدۇ
2 ـ يىلى ھەربىر ئاساسىي شاختىن ئىككى تال يان شا
تەربىيىلىنىدۇ . 3 ـ يىلى ھەربىر يان شاختىن يەنە ئىكك
تال قوشۇمچە شاخ تەربىيىلىنىدۇ . بۇ شاخلار تەبىئىي ئېچىلغا
شەكىلدە بولىدۇ .

تەبىئىي ئېچى ئوچۇق شەكىلگە كەلتۈرۈشتە ، كۆچەت تىك
لىپ غولى 50～60 cm قالدۇرۇلۇپ مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ . 1
يىلى غولدىن ئۈچ تال ئاساسىي شاخ يېتىشتۈرۈلىدۇ . ھەربى
ئاساسىي شاخ ئارىسىدىكى بۇلۇڭ °120 ، غول بىلەن بولغان بۇلۇڭ
°45 بولىدۇ . 2 ـ يىلى ھەربىر تال ئاساسىي شاختىن ئىككى تا
يان شاخ يېتىشتۈرۈلىدۇ ، ئاندىن ئارىلىقلىرىدا شالاڭ قوشۇمچ
شاخلار يېتىشتۈرۈلىدۇ .

(1) ياش كۆچەتلەرنى شەكىلگە كەلتۈرۈپ چاتاش : ئاساس
غولىنىڭ ئېگىزلىكى 50～60 cm قىلىنىدۇ ، كېسىك ئاغزىنىڭ
تۆۋىنىدىكى شەكىلگە كەلتۈرۈش بەلۋېغىدا 6 ～ 9 تال تولغان بى
قالدۇرۇلىدۇ ، قوشۇمچە نوتىلار بولسا بىر ـ ئىككى تېلى قالدۇ
رۇلۇپ ، يۇقىرىسىدىكىلىرى چاتۋېتىلىدۇ . دەرەخ بىخلانغاندى
كېيىن شەكىلگە كەلتۈرۈش بەلۋېغىنىڭ تۆۋىنىدىكى بىخلار پۈتۈن
لەي يىمىرىۋېتىلىپ ، بەلۋاغ ئىچىدىن چىققان يېڭى نوتىلار 0 cm
بولغاندا يۆنىلىشى مۇۋاپىق ئۈچ تال شاخ ئاساسىي شاخ قىلى
يېتىشتۈرۈشكە قالدۇرۇلۇپ ، قالغانلىرىنىڭ ئۇچى چاتىلى
دۇ . 7 ـ ، 8 ـ ئايلاردا ئاساسىي شاخلارنىڭ ئۇچى چاتىلىدۇ
شۇ يىللىق قىشلىق چاتاشتا ئاساسىي شاخلار 40～60 cm قىلى
چاتىلىپ ، بۇلۇڭلىرى °45 قا يەتكۈزۈلىدۇ . 2 ـ يىلى ھەرقايس
شاخلاردا ئۈزىرىپ ئۆسىدىغان شاخلار داۋاملىق يېتىشتۈرۈلۈپ
رىقابەتچى شاخلار ۋە دەرەخ باراقسىنى ئىچىدىكى شاخلار ۋاقتى
كونترول قىلىنىپ مېۋە شېخى گۇرۇپپىسىغا ئايلاندۇرۇلىدۇ
قىشلىق چاتاشتا ئاساسىي شاخلار 50～60 cm ، ئاساسىي قىسم
دىن تەخمىنەن 45 cm دائىرىدە دۈمبىسى تەرەپكە قىيسايـ

غان يان شاخلار 40~50 cm ئۇزۇنلۇقتا قالدۇرۇلىدۇ . ئۈچ - ۆت يىللىق دەرەخلەردە 2 - يىلىدىكى ئۇسۇل بويىچە ، ئاساسىي شاخلاردىكى ئۆزىرىپ ئۆسكۈچى شاخلار بىر تەرەپ قىلىنىپ ، ھەر - قايسى ئاساسىي شاخلاردا ئىككى - ئۈچ تال يان شاخ قالدۇرۇلىدۇ .

ياش كۆچەتلەردىكى شاخ گۇرۇپپىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا ، ئاساسىي ۋە يان شاخنىڭ ئوتتۇرا ، تۆۋەن قىسمى ۋە دەرەخ باراقسى - نىنىڭ ئىچكى قىسمىدا چوڭ ۋە ئوتتۇراھال شاخ گۇرۇپپىسى كۆپرەك قالدۇرۇلىدۇ . كۆچەتلەرنىڭ ئۇزۇن ، ئوتتۇراھال مېۋە شاخلىرى كۆپرەك مېۋىلەپ ، چېچەك بىخلىرىنىڭ جايلىشىش ئور - نى يۇقىرى بولىدۇ . شۇڭلاشقا ، ئاز چاتاپ كۆپرەك قالدۇرۇش لازىم .

(2) بولۇق مېۋىلەش مەزگىلىدە چاتاش : شاپتۇل دەرىخى بولۇق مېۋىلەش مەزگىلىگە كىرگەندىن كېيىن ئۆسۈشى تەدرىجىي ئاجىزلايدۇ ، ئوتتۇراھال ، قىسقا شاخ نىسبىتى بارغانسېرى ئېشىپ ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ . شۇڭا ، بۇ مەزگىلنى ئۇزارتىش ئۈچۈن مېۋە شېخى گۇرۇپپىسىنى يېڭىلاش ۋە تېز يېتىشتۈرۈش لازىم .

بولۇق مېۋىلەشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە دەرەخ باراقسىنى يەنىلا كېڭەيتىدۇ . بۇ چاغدا ئۇزۇن مېۋە شاخلىرىدىن پايدىلىنىپ شاخ گۇرۇپپىلىرىنى يېتىشتۈرسە ، دەرەخ باراقسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى چوڭ ، ئوتتۇراھال شاخ گۇرۇپپىلىرى زىيادە ئېگىز ياكى ئۈستى كۈچلۈك ، ئاستى ئاجىز بولسا ، قايتۇرۇپ ئېگىزلىكى - نى تۆۋەنلەتسە بولىدۇ . كىچىك شاخ گۇرۇپپىسى ئاجىزلىغاندىن كېيىن بۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر - ئىككى تال مېۋە شېخى قالدۇرۇ - لىدۇ . بەك زىچ بولۇپ كەتكەن شاخ گۇرۇپپىسىنىڭ كىچىكىنى شالاڭلىتىپ چوڭىنى قالدۇرسا ، ئاجىزىنى شالاڭلىتىپ كۈچلۈكى - نى قالدۇرسا بولىدۇ . ئەڭ زىچ مېۋە شاخلىرىنىڭ ئارىلىقلىرى 10 cm دىن تار بولماسلىقى لازىم . بولۇق مېۋىلەش مەزگىلىدە چاتاش مىقدارى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا ئاز بولىدۇ ، يەنى ئۇزۇن ، ئوتتۇراھال مېۋە شاخلىرى 5 ~ 8 ۋە 4 ~ 5 بوغۇم قالدۇرۇلۇپ چاتىلىدۇ . قىسقا مېۋە شاخلىرىنىڭ پەقەت ئاجىزلىرىلا چاتىلىدۇ .

# يەتتىنچى، ئانارلىق باغلارنى لايىھەلەش ۋە ئانارلىق باغ بەرپا قىلىش

## 1. ئانار دەرىخىنىڭ مۇھىت ـ شارائىتقا بولغان تەلىپى

1) تېمپېراتۇرىغا بولغان تەلىپى

ئانار دەرىخى سوغۇققا چىدامسىز كېلىدۇ، شۇڭلاشقا ئاپتو
رايونىمىزنىڭ كىلىماتىدا قىشتا كۆمۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئۆسۈ
مەزگىلىدە 10 C تىن يۇقىرى يىغىندى تېمپېراتۇرىنىڭ 00 C
تىن يۇقىرى بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا، قىش پەسلى ئ
تۆۋەن تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 17 C تىن يۇقىرى بولىدى
جايلاردا ئانارلىق باغ بەرپا قىلىشقا بولىدۇ، ئۇنىڭدىن تۆۋەن بو
قىشتىن بىخەتەر ئۆتكۈزۈشكە كۆپ كۈچ كېتىدۇ ياكى ئۈشش
كېتىدۇ ۋە ياكى ھەرخىل كېسەللىكلەر پەيدا بولىدۇ.

2) يورۇقلۇققا بولغان تەلىپى

ئانار دەرىخى يورۇقپەرەس دەرەخ بولۇپ، يورۇقلۇق يېتە
لىك، ھاۋا ئالمىشىشى ياخشى يەرلەرگە ئانارلىق باغ بەرپا قىلغ
ياخشى ئۆسۈپ، مەھسۇلاتى يۇقىرى ھەم سۈپىتى ياخشى بولىد
شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئانار دەرىخىنى مۇۋاپىق چاتاش، شاخلىر
كېرىش تەدبىرلىرى ئارقىلىق يورۇقلۇقنىڭ تەكشى چۈشۈش
ئىشقا ئاشۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

3) سۇغا بولغان تەلىپى

ئانار دەرىخى قۇرغاقچىلىققا چىداملىق كېلىدۇ. لېكىن، پ
كۆل ياكى يىللىق ئۆسۈپ يېتىلىشنى تاماملاش ئۈچۈن مۇۋاپ
مىقداردا سۇغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ. مەسىلەن، غۇنچىلاش مەزگ

لىدە ۋە چېچەكلەشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە تۇپراق نەملىكى يې-
ەرسىز بولسا چېچەك ۋە مېۋىلىرى تۆكۈلۈپ كېتىدۇ ، مېۋىسى
وغىناۋاتقان مەزگىلدە ۋاقتىدا سۇغىرىلمىسا يوغىناشتىن توختايدۇ
ياكى تۆكۈلۈپ كېتىدۇ ؛ پىشىش مەزگىلىدە ھاۋا قۇرغاق ، ئەمما
تۇپراق نەملىكى زىيادە ئېشىپ كەتسە ياكى يامغۇر كۆپ ياغسا ۋە
ياكى بەك ئۇسساپ كەتكەندە بىراقلا قاندۇرۇپ سۇغىرىلسا مېۋىسى
يېرىلىپ كېتىدۇ . شۇڭلاشقا ، ئانار دەرەخلىرىنى ئەتىياز ۋە يازدا
يېتەرلىك سۇغىرىپ ، كۈزدە سۇيىنى مۇۋاپىق كونترول قىلىشقا
توغرا كېلىدۇ .

4 ) تۇپراققا بولغان تەلىپى

ئانار دەرىخىنىڭ تۇپراققا بولغان تەلىپى ئانچە كۈچلۈك بول-
مايدۇ . لېكىن ، قاتتىق سېغىز تۇپراقلىق ، زەي ، شور تۇپراقلىق
يەرلەردە ۋە ئىششارلىق دەرىجىسى يۇقىرى تۇپراقلاردا ياخشى ئۆ-
سەلمەيدۇ . سېغىز تۇپراقلىق يەرلەرنىڭ نەملىك ساقلىشى ياخشى
بولسىمۇ ، ئەمما سۇ ، ھاۋا ئۆتكۈزۈشچانلىقى ناچار بولغاچقا ، بۇ
خىل يەرلەر ئانار مېۋىسىنى يېغىۋېلىشتىن ئىلگىرى زىيادە قۇر-
غاقلىشىۋالىدۇ ، قاندۇرۇپ سۇغىرىلسا تۇپراق نەملىكى ئېشىپ
كېتىپ ، مېۋىسى ئاسانلا يېرىلىدۇ . ئانار دەرىخى كىسلاتا -
ئىششارلىق دەرىجىسى 6.5 ~ 7.5 بولغان يەرلەردە نور-
مال ئۆسىدۇ ، 4.5 ~ 8.2 بولغان يەرلەردىمۇ باشقا تەلەپلىرى
مۇۋاپىق قاندۇرۇلسا ئۆسۈۋېرىدۇ . ئانارلىق باغ بەرپا قىلىشتا
تۇپراق قەۋىتىنىڭ 1 m دىن قېلىن ، ئورگانىك ماددا مىقدارىنىڭ
1% تىن كۆپ ، يەر ئاستى سۇ ئورنىنىڭ 2 m دىن تۆۋەن بولۇشى
تەلەپ قىلىنىدۇ . ئانار كۆچىتى تاغلىق ، يانتۇلۇق ، تۈزلەڭلىك-
لەردە ئۆسۈۋېرىدۇ . لېكىن ، ھاۋاسى سوغۇق ، شامال كۆپ
چىقىدىغان جايلاردا ئۆستۈرۈشكە ماس كەلمەيدۇ .

## 2 . ئانار كۆچىتى يېتىشتۈرۈش

ئانار دەرىخى قەلەمچە قىلىش ، يىلتىزىدىن تۈپ ئايرىش ، نوتا
ياستۇرۇش ، ئۇرۇقىنى تېرىش ، ئۇلاش ئارقىلىق كۆپەيتىلىدۇ .

بۇنىڭ ئىچىدە قەلەمچە ئارقىلىق كۆپەيتىش ئۇسۇلى بىلەن يىلتى
دىن توپ ئايرىش ئۇسۇلى كۆپرەك قوللىنىلىدۇ . بۇ ئىككى خ
ئۇسۇلدا گەرچە كۆچەت يېتىشتۈرۈش ئاسان ، ئۇنۇمى ياخشى ب
سىمۇ ، ئەمما باغ بەرپا قىلىشتا قەلەمچە قىلىنىدىغان شاخ
نوتىلارنىڭ يېتىشمەسلىكى تۇپەيلىدىن قەلەمچىلەرنىڭ باھاسى ق
مەت بولۇپ قالىدىغان ، شاخ ـ نوتىلار مۇددەتتىن بۇرۇن كېس
تىلىدىغان ، نەتىجىدە كۆچەتلەرنىڭ ئەي بولۇشى ، سۇپىتى تۆۋ
لەيدىغان ئەھۋاللار ئومۇمىيۈزلۈك ساقلانماقتا . شۇڭا ، ئانار ئۇر
قىنى تېرىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈش يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللارنىڭ
دىنى ئېلىشنىڭ ياخشى تەدبىرى ھېسابلىنىدۇ .

1 ) ئانار ئۇرۇقىنى تەييارلاش ۋە بىخلاندۇرۇش

10 ـ ، 11 ـ ئايلاردا تولۇق پىشقان ، سۇپىتى ياخشى ، پوس
يېرىلمىغان ، مېۋىسى چوڭ ، تاتلىق ئانار سورتلىرىنى تاللاش ، ئ
ياخشىسى ئانارنى تۈپلەر بويىچە تاللاپ ئۈزۈۋېلىش لازىم . ئانار
پوستىدىن ئاجرىتىپ پاكىز داكا خالتىغا قاچىلاپ ، قول بىل
سىقىش (ماشىنا بىلەن سىقىشقا بولمايدۇ ) ئارقىلىق ئۇرۇقى ئاي
ۋېلىنىدۇ ، شىرىنىسىدىن شەربەت تەييارلىنىدۇ ، ئۇرۇقى پاك
سۇدا يۇيۇپ تازىلانغاندىن كېيىن سۈزۈۋېلىنىپ ، سالقىن ، شام
لىق ئورۇندا بورىدا قۇرۇتۇلۇپ ، رەخت خالتا ياكى چىپتا تاغا
قاچىلىنىپ سوغۇق جايدا ساقلىنىدۇ .

ئانار ئۇرۇقى قاتتىق بولغاچقا ، شۇ پېتى تېرىسا ئاسان ئۈنم
دۇ . شۇڭا ، 3 ـ ئايدا پارنىكقا تېرىشقا توغرا كەلسە 2 ـ ئاي
4 ـ ئايدا ئوچۇقچىلىققا تېرىشقا توغرا كەلسە 3 ـ ئاينىڭ ئاخى
لىرى بىخلاندۇرۇلىدۇ ، يەنى تېرىشتىن بىر ئاي ئىلگىرى بىخل
دۇرۇلىدۇ . بىخلاندۇرۇشتا ئۇرۇق ئالدى بىلەن داس ، كوزا يا
چېلەكلەرگە تۆكۈلۈپ ، ئۈستىگە $40\sim50^{\circ}C$ لۇق سۇ قۇيۇلۇپ
ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز تۇرغۇزۇلىدۇ . بۇ جەرياندا ھەركۈ
ئەتىگەن ـ كەچلەردە سۇيى بىر قېتىمدىن ئالماشتۇرۇلىدۇ ، ئ
كۈندىن كېيىن ئۇرۇق سۈزۈۋېلىنىپ ، ئۇرۇقنىڭ بەش ھەسسى
گە تەڭ ھۆل قۇمغا ئارىلاشتۇرۇلىدۇ (قۇم زىيادە ھۆل بول

قالسا ئاسان بىخلانمايدۇ ) ؛ ئاندىن تەسكەي جايغا 40~50 cm
چوڭقۇرلۇقتا ئورەك كولىنىپ ، ئاستىغا 10 cm قېلىنلىقتا قۇم
يېيىتىلىدۇ ۋە قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان ئۇرۇق ئورەككە تۆكۈ-
لۈپ ، ئۈستى نەم توپا بىلەن كۆمۈلىدۇ . بۇ خىل ئۇسۇلدا
ئۇرۇق 25 ~ 30 كۈندە 60~70% بىخلىنىپ بولىدۇ . بۇ چاغدا
ئۇرۇق غەلۋىردە تاسقىلىپ ، تېرىشقا تەييارلىنىدۇ . پارنىكقا تېرى-
لىدىغان ئۇرۇقلار 2 - ئايدا بىخلاندۇرۇلىدىغان بولغاچقا ، بۇ
مەزگىلدە ئۆي سىرتى سوغۇق ، ئۇرۇق ئاسان بىخلانمايدۇ . شۇڭا ،
ئۇرۇقنى ھۆل قۇمغا ئارىلاشتۇرغاندىن كېيىن ئىسسىق ئۆيگە تۆ-
كۈپ دۆۋىلەپ ، ئۈستىنى نەم توپا بىلەن كۆمۈپ ، كىگىز ، ئەديال
قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن يېپىپ قويسا بولىدۇ .

2 ) تېرىش

ئانار ئۇرۇقىنى پارنىكقا 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 15 -
كۈنىگىچە تېرىسا بولىدۇ . ناۋادا پارنىك ئىچىدە ئىسسىتىش ئەسلى-
ھەلىرى بولسا ياكى پارنىك ئۈستىنى يوتقان ، كىگىزلەر بىلەن
يېپىش شارائىتى بولسا ، 2 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى تېرىسىمۇ بولى-
دۇ . ئانار مايسىلىرىنى يېتىشتۈرۈش مەقسەت قىلىنغان بولسا ،
پارنىك تېمپېراتۇرىسىنى ئاشۇرۇپ ، يەرنى يۇمشىتىپ تەكشى
تۈزلەپ ، قىر سالغاندىن كېيىن قۇر ئارىلىقىنى 25 cm
قىلىپ ، 1~1.5 cm چوڭقۇرلۇقتا قويۇق تېرىش لازىم . بۇ خىل
ئۇسۇلدا ھەرمو پارنىكتا 40 ~ 50 مىڭ تۈپ كۆچەت يېتىشتۈرگى-
لى ، كۆچەت ئېگىزلىكىنى يىل ئاخىرىغىچە 30~40 cm غا يەتكۈز-
گىلى ، كېيىنكى يىلى كۆچەتزارلىققا كۆچۈرگىلى ياكى ئېھتىياج-
لىق ئورۇنلارغا ساتقىلى بولىدۇ . ئەگەر پارنىك ئىچىدىلا رەسمىي
كۆچەت يېتىشتۈرۈش مەقسەت قىلىنسا ، ئۇ ھالدا قۇر ئارى-
لىقىنى 40 cm ، تۈپ ئارىلىقىنى 8 cm قىلىپ تېرىسا ، ئۈنۈپ
چىققاندىن كېيىن ئارتۇق مايسىلارنى 5 - ئايدا ئوچۇقچىلىققا
تۈپىسى بىلەن كۆچۈرسە بولىدۇ . بۇ خىل ئۇسۇلدا ، ئورنىدا قالغان
كۆچەتلەرنىڭ ئېگىزلىكىنى 60~80 cm غا ، ئوچۇقچىلىققا كۆچۈ-
رۈلگەنلىرىنىڭكىنى 50~60 cm غا يەتكۈزگىلى بولىدۇ .

ئوچۇقچىلىقىقا تېرىشتا ، ئوسا قىلىنغان يەر يۇمشاق ئاغدۇرۇلۇپ تۈزلەنگەندىن كېيىن ، 1.1 m كەڭلىكتە چوڭەك ئېلىنىدۇ. چوڭەك ئىچى تۈزلىنىپ ئۈستىگە كەڭ ئەنلىك سۇلياۋ يوپۇق يېپىلىدۇ ۋە بىر چوڭەككە ئۈچ قۇر ، قۇر ئارىلىقى 30~35 cm قىلىپ ئۈچ قوش تاپ ئېچىلىدۇ . ئۈچ قوش تاپ ئېچىلغاندىن كېيىن 60 cm كەڭلىكتە يەككە تاپ پىلانلىنىپ ، مەخسۇس تەييارلانغان سايمان بىلەن 7~8 cm ئارىلىقىقا بىردىن تۆشۈك ئېچىلىپ ، ھەر بىر تۆشۈككە 5 ~ 6 تالدىن بىخلاندۇرۇلغان ئۇرۇق سېلىنىپ ، ئۈستى نەم توپا بىلەن كۆمۈلىدۇ . بۇنىڭدا ئۇرۇق بىر ئاي ئىچىدە ئاساسىي جەھەتتىن ئۈنۈپ بولىدۇ . ئۇرۇق ئۈنۈپ 5 ~ 6 cm بولغاندا دەرھال تاقلىنىپ ، ھەربىر تۆشۈكتە 2 ~ 3 تال ، 2 - قېتىملىق تاقلاشتا 1 ~ 2 تال كۆچەت قالدۇرۇلىدۇ .

3 ) قەلەمچە ئارقىلىق كۆچەت يېتىشتۈرۈش

ئانار نوتىلىرىنى قەلەمچە قىلىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈشتە ، پەرۋىشى تۇجۇپىلەپ ئىشلەنسە بىر يىللىق كۆچەتلەرنىڭ ئېگىزلىكىنى 1.8 m غا ، ئىككى يىللىقلىرىنىڭكىنى 2.5 m غا يەتكۈزگىلى ، ھەر مو يەردە 7000 ~ 8000 تۈپ كۆچەت يېتىشتۈرگىلى بولىدۇ .

(1) نوتا تەييارلاش : قەلەمچە نوتىسى غولىنىڭ شەكلى ياخشى ، كېسەللىك ، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىمىغان ، مېۋىسى چوڭ ، پوستى نېپىز ، تەمى تاتلىق تۈپلەردىن كېسىۋېلىنسا ، كۆپەيتىلگەن ئانار تۈپلىرى مۇشۇ خۇسۇسىيەتلەرنى ساقلاپ قالىدۇ . قەلەمچە قىلىنىدىغان نوتىلار ئانارنى كۈزدە كۆمۈشتىن ئىلگىرى ياكى ئەتىيازدا كېسىۋېلىنىپ تەييارلىنىدۇ . نوتىلار كۈزدە كېسىۋېلىنغان بولسا ، شۇ چاغدىلا كېسىپ قەلەمچە قىلماستىن ، بەلكى ئۇششاق شاخ - پۇتاقلىرىنى كېسىۋېتىپ ، ھەر 100 تال نوتىنى بىر باغلام قىلىپ ئورەككە سېلىپ ، ئۈستىنى پاكىز قۇرۇق قۇم بىلەن كۆمۈش لازىم . ئەگەر ئەتىيازدا كېسىۋېلىنغان بولسا ، نوتىلارنى ئالدى بىلەن نەم توپا بىلەن كۆمۈپ ، تىكىش مەزگىلىگە كەلگەندە ئاندىن قەلەمچە قىلىش لازىم .

كۆزدە يىغىۋېلىنغان نوتىلار مەخسۇس ئورەكتە ساقلىنىدۇ. يەنى تەسكەي جايلارغا چوڭقۇرلۇقى 1 m ، كەڭلىكى 1.5 m ، ئۇزۇنلۇقىنى نوتىلارنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قاراپ ئورەك كولىنىدۇ. نوتىلارنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى تەكشىلىنىپ، ئورىغا توغرىسىغا ياتقۇزۇلىدۇ، ئۈستىگە يەنە بىر قەۋەت نوتا تىزىلغاندىن كېيىن، قۇم بىلەن نوتا ئارىلىقلىرى توشقۇزۇلىدۇ. 2 ـ رەت نوتا ئۈستىدىكى قۇمنىڭ قېلىنلىقى 20 cm بولسا بولىدۇ. نوتىلارنىڭ كۆمۈلۈش ئېگىزلىكى ئورەك ئېغىزىدىن 20 cm چە تۆۋەن قىلىنىپ، قالغان قىسمى قۇم بىلەن كۆمۈلۈپ چىڭدىلىدۇ. ناۋادا سوغۇق قاتتىق بولۇپ كەتسە، ئورىغا چىلاشتۇرۇپ سۇ قۇيۇپ، ئۈستىگە 20~30 cm توپا تۆكۈلۈپ تەكشىلىنىدۇ. بۇنىڭدا توڭنىڭ ئېرىش ۋاقتى كەينىگە سۈرۈلۈپ، نوتىلارنىڭ ئورىدا بىخلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ.

(2) قەلەمچە قىلىش: قەلەمچىلەر تىكىلگەندىن كېيىن يىلىغا 10 ~ 12 قېتىم سۇغىرىش مۇمكىن بولسا ھەمدە سۇلياۋ يوپۇق يېپىلىدىغان بولسا، قەلەمچە ئۇزۇنلۇقى 10~12 cm قىلىنسا، ئەگەر سۇلياۋ يوپۇق يېپىلمايدىغان بولسا، ئۇ ھالدا 15~16 cm قىلىنسا بولىدۇ. قەلەمچە تىكىلىدىغان يەر قۇمساڭ ھەم يېنىك شورلۇق بولسا، قەلەمچىلەر 18~20 cm ئۇزۇنلۇقتا كېسىلىپ، ئۇچىدا ساغلام يېتىلگەن بىر تال بىخ قالدۇرۇلىدۇ.

(3) قەلەمچىلەرنى تىكىش: قەلەمچىلەر تىكىلىدىغان يەر تولۇق چىرىگەن ئورگانىك ئوغۇتلار بىلەن ئوغۇتلانغاندىن كېيىن تەكشى تۈزلىنىدۇ. تىكىش ۋاقتى جەھەتتىن ئالغاندا، 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 15 ـ كۈنىرىگىچە تىكىلسە مۇۋاپىق بولىدۇ. شۇڭا، ئورىدا توڭلىتىلغان نوتىلارنىڭ ئېرىش ۋاقتىنى 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ، 10 ـ كۈنلىرىگىچە توغرىلاش لازىم. قەلەمچىلەرنى تىكىشتىن ئىلگىرى 24 سائەت سۇغا چىلاپ قويۇش، ئۇدۇللۇق سۈزۈۋېلىپ ئۇدۇللۇق تىكىش لازىم. قەلەمچىلەر ئادەتتە چوڭەك ئۈستىگە تىكىلىدۇ. چوڭەكنىڭ كەڭلىكى 1 m ، ئېگىزلىكى 8~10 cm ، قۇر ئارىلىقى

30 cm بولۇشى ، يەنى ھەربىر چۆنەككە ئۈچ قۇر تىكىلىشى ك
ىرەك . چۆنەك ئېرىقىنىڭ كەڭلىكى (يەككە تاپ ) 60 cm ، تو
ئارىلىقى 10 cm قىلىنىدۇ . قەلەمچە تىكىلىپ بولۇنغاندىن كېيى
قاندۇرۇپ سۇغىرىلىدۇ .

## 3 . ئانارلىق باغ بەرپا قىلىش

ئانارلىق باغ بەرپا قىلىنىدىغان ئورۇن ئانارنىڭ ئۆسۈپ يېت
لىشىدىكى مۇھىت شارائىتلىرىنى قاندۇرالايدىغان بولۇشى ، قا
ناش ـ ترانسپورتقا قۇلايلىق بولۇشى لازىم .

1 ) ئانار كۆچىتىنى تىكىش

ئانارلىق باغ بەرپا قىلىشتا سۈپەتلىك سورتلاردىن تاللاپ ، ب
باغ ئىچىدە 2 ~ 3 خىل سورت بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش ك
ىرەك . چۈنكى ئانار گۈلى ئىككى جىنسلىق بولغاچقا ، ئۆزئا
چاڭلىشىپ مول ، سۈپەتلىك مېۋىلىشىگە پايدىلىق بولىدۇ . ئا
كۆچىتىنى كۈزدە تىكسىمۇ ، ئەتىيازدا تىكسىمۇ بولىۋېرىدۇ . ش
جاڭنىڭ كىلىماتىغا ئاساسلانغاندا يەنىلا ئەتىيازدا تىكسە مۇۋاپ
بولىدۇ . ئانار كۆچىتىنى تىكىشتە سۇغىرىش ۋە كۈزدە كۆمۈش
قۇلايلىق بولۇشى ئۈچۈن ، چۆنەك جەنۇبتىن شىمالغا قارىتا ئېلىن
ىدۇ . ئاندىن چۆنەك ئىچىگە كەڭلىكى 60 cm ، چوڭقۇرلۇقى 0 cm
ئورەك كولىنىپ ، ئاستىغا 15~20 cm قېلىنلىقتا تولۇق چىرىگە
قىغ تۆكۈلۈپ ، ئۈنىڭ ئۈستىگە 10 cm قېلىنلىقتا توپا تاشلىنىدۇ
قالغان ئورەك توپىسى تەڭ مىقداردا قىغ ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئورەكن
تىندۇرۇشقا تەييارلىنىدۇ .

ئانار كۆچىتى تىكىلىشتىن ئىلگىرى 24 سائەت سۇزۇك سۇ
چىلىنىپ ، سۇغا تويۇندۇرۇلىدۇ ، ئاندىن 45° يانتۇلۇقتا جەنۇب
قارىتىپ تىكىلىدۇ (تىكىلىش چوڭقۇرلۇقى ئەسلىدىكى يىلتىز
ئورنى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ) . كۆچەت تىكىلىش جەريانى
1 ~ 2 قېتىم ئۈستىگە يېنىك تارتىلىپ ، يىلتىزلارنىڭ توپا بىلە
بىرلىشىشى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ . كۆچەت تىكىلگەندىن كېيى

دەرھال قاندۇرۇپ سۇغىرىلىدۇ ۋە 1 ~ 2 كۈندىن كېيىن كۆچەت تۈۋى يېرىلىك دەسسەپ چىڭدىلىپ ، ھاسىل بولغان يېرىق-چىلار ئېتىلىدۇ .

ئانار كۆچەتلىرىنى تىكىشتە تۈپ ، قۇر ئارىلىقلىرى 2 m×4 m بولسا ، ھەر مو يەردە 84 تۈپ ئانار بولىدۇ . ئەمما كۈزدە كۆمۈشكە قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن ، تۈپ ، قۇر ئارىلىقلىرىنى 5 m×4 m قىلىپ ، ھەر موسىغا 33 تۈپ كۆچەت تىكسە يەردىن تولۇق پايدىلانغىلى ، مەھسۇلاتى ۋە سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ . باغدىكى ئانار دەرەخلىرىنى باشقا ئورۇنغا يۆتكەشكە توغرا كەلسە ، كۈزدە تۈپىنى بىلەن يۆتكەش ، شاخلىرىنى شالاڭلىتىشتا كېسىلگەن شاخلىرىنىڭ زەخمە ئېغىزىغا سۇلياۋ يۆگەپ نەملىك ساقلاش لازىم .

2 ) شەكىلگە كەلتۈرۈپ چاتاش

(1) شەكىلگە كەلتۈرۈش : ئانار دەرىخى تەبىئىي يېيىلما شەكىلدە ئۆستۈرۈلسە مۇۋاپىق بولىدۇ . بۇنىڭدا غول ئېگىزلىكى 70~80 cm قىلىپ مۇقىملاشتۇرۇلۇپ ، 3 ~ 5 تال ئاساسىي شاخ قالدۇرۇلىدۇ . بىرىنچى ئاساسىي شاخنىڭ يەر يۈزىدىن ئېگىزلىكى 30 cm ئەتراپىدا ، ئاساسىي شاخلىرىنىڭ ئارىلىقلىرى 20~25 cm بولسا بولىدۇ . شەكىلگە كەلتۈرۈش جەريانىدا ئاساسىي ۋە يان شاخلىرىنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالىغا ئاساسەن ، كۆمۈشتىن ئىلگىرى 50~60 cm قالدۇرۇپ چاتىۋەتسە ، مېۋە شېخى گۇرۇپپىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ بالدۇر مېۋىلەتكىلى بولىدۇ .

(2) چاتاش : ئانارنى كۆمۈشتىن بۇرۇن چاتاش ، قىسقا شاخلىرىنى چاتىماسلىق لازىم . باراقسان ئۆسكەن شاخلىرىنىڭ ئۇچىنى قىسقارتىپ ئۆسۈشىنى كونترول قىلىش ، بويىغا زورلاپ ئۆسكەن شاخلارنى مۇۋاپىق قىسقارتىپ مېۋە شاخلىرىنى ھاسىل قىلىش لازىم . قېرى تۈپلەرنى يېڭىلاشتا ئاساسىي يان شاخلىرىنى تارايتىش ياكى بويىغا زورلاپ ئۆسكۈچى يان شاخلىرىنى پىلانلىق ھالدا يېتىشتۈرۈش ئۈسۈلىنى قوللىنىش لازىم .

# سەككىزىنچى، ئاپتونوم رايونىمىز باغۋەنچىلىكىنىڭ تەرەققىياتى

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭ
مېۋە ـ چېۋە بازىسىغا ئايلاندۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا ق
غاندىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ـ ھۆكۈمەت رەھبەرلى
نىڭ زور دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى، باغۋەنچىلىككە پايدىل
شارائىتلارنى ترىشىپ ھازىرلىشى، سېلىنىدىغان مەبلەغنى كۆپ
تىشى، باغۋەنلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىزغىنلىقىنى ئاشۇرۇ
نەتىجىسىدە، رايونىمىز باغۋەنچىلىكى زور تەرەققىياتلا
ئېرىشتى.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ باغۋەنچىلىكى ئېلىمىزنىڭ باغۋەنچ
لىك تەرەققىياتى بىلەن ماس قەدەمدە راۋاجلىنىپ، كۆلەم، مە
سۇلات ۋە سۈپەت جەھەتلەردە خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر قولغا ك
تۈرۈلدى. 1997 ـ يىللىق ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ئاپتون
رايونىمىزنىڭ باغ كۆلىمى 2 مىليون 157 مىڭ مو، ئومۇم
مەھسۇلات مىقدارى 1 مىليون 236 مىڭ 700 توننا بولۇپ، بۇن
ئىچىدە ئالمىزارلىق كۆلىمى 633 مىڭ مو، مەھسۇلات مىقدار
275 مىڭ 200 توننا؛ نەشپۈتزارلىق كۆلىمى 381 مىڭ م
مەھسۇلات مىقدارى 147 مىڭ 100 توننا؛ ئۈزۈمزارلىق كۆل
420 مىڭ مو، مەھسۇلات مىقدارى 498 مىڭ 200 توننا؛ ياڭا
زارلىق كۆلىمى 132 مىڭ مو، مەھسۇلات مىقدارى 66 مىڭ 00
توننا؛ ئۆرۈكزارلىق كۆلىمى 550 مىڭ 500 مو، مەھسۇلا
مىقدارى 223 مىڭ 700 توننا، چىلانزارلىق كۆلىمى 40 م
500 مو، مەھسۇلات مىقدارى 4300 توننا بولغان. 2005

يىلىغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايونىمىزدا يېڭىدىن بەرپا قىلىنغان باغ كۆلىمى 1 مىليون 650 مىڭ موغا يېتىپ، 1997 ـ يىلدىكىدىن 37.4% ئاشتى. 2005 ـ يىلى مېۋە ـ چېۋە ئومۇمىي مەھسۇلاتى 3 مىليون توننىغا، پىششىقلاپ ئىشلەنگەن هۆل مېۋە مەھسۇلاتى 500 مىڭ توننىغا، مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليارد يۈەنگە يەتتى، ئېكسپورت مىقدارى 150 مىڭ توننىدىن ئاشتى؛ مېۋە ـ چېۋىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش باھاسىمۇ ئىلگىرىكى يىللاردىكىگە قارىغاندا 12.31% ئاشتى. ئەمما يەنە بىر قىسىم مەسىلىلەر ساقلىنىۋاتىدۇ. تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەش ئاساسىدا، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش روھىنى جارى قىلدۇرالىساق، ئۇ هالدا باغۋەنچىلىكنى مىسلىسىز راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلالايمىز.

## توققۇزىنچى، چەت ئەللەرنىڭ ۋە ئېلىمىز
## نىڭ باغۋەنچىلىك ئەھۋالى

### 1. چەت ئەللەرنىڭ باغۋەنچىلىك ئەھۋالى

1) دۇنيا باغ كۆلىمى ۋە مېۋە مەھسۇلاتى

دۇنيادا تەخمىنەن 176 دۆلەت ۋە رايون باغۋەنچىلىك بىلە
شۇغۇللىنىدۇ (ھۆل ۋە قۇرۇق مېۋە ئىشلەپ چىقىرىدۇ). دۇ
بويىچە باغ كۆلىمى 600 مىليون مودىن كۆپرەك بولۇپ، دۇ
نوپۇسىنى 5 مىليارد بويىچە ھېسابلىغاندا (1993 - يىلى 4
ئاينىڭ 15 - كۈنى دۇنيا نوپۇسى 5 مىليارد 556 مىليون د
ستاتىستىكىلانغان) كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 12
مودىن توغرا كېلىدۇ. يېقىنقى ئون يىلدىن بۇيان دۇنيانىڭ يىلل
مېۋە مەھسۇلاتى 300 مىليون توننا بولۇپ، مەھسۇلات مىقدار
يىلدىن - يىلغا ئېشىۋاتىدۇ. مەسىلەن، 1970 - يىلى دۇنيان
مېۋە ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 229 مىليون 645 مىڭ تون
1980 - يىلى 289مىليون 462 مىڭ توننا بولغان؛ 1990
يىلىغا كەلگەندە 346 مىليون 124 مىڭ تونناغا يېتىپ
1970 - يىلى ۋە 1980 - يىلدىكىدىن ئايرىم - ئايرىم ھال
50.7% ۋە 19.6% ئاشقان.

ئاسىيا قىتئەسىنىڭ مېۋە مەھسۇلاتىنىڭ ئېشىش سۈرئىت
ناھايىتى تېز بولۇپ، 1990 - يىللىق مېۋە ئومۇمىي مەھسۇلا
مىقدارى 112 مىليون 94 مىڭ تونناغا يېتىپ، 1970 - يىلدىك
دىن 106.3% ئېشىپ، دۇنيا بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرغا
ياۋروپانىڭ مېۋە ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارىنىڭ ئېشىشى ناھاي
تۆۋەن بولۇپ، 1990 - يىلى 1970 - يىلدىكىدىن ئاران 1%
ئاشقان.

1970 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلىغىچە جۇڭگونىڭ مېۋە ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتۈپ، 1990 ـ يىلى 1970 ـ يىلدىكىدىن 285.7% ئاشقان؛ ئۇنىڭدىن قالسا ئىراننىڭ 267.6%، يېڭى زېلاندىيىنىڭ 249.8%، برازىلىيىنىڭ 178.9%، ئۇگاندانىڭ 163.8%، پاكىستاننىڭ 145%، چىلىنىڭ 101.7%، ھىندىستاننىڭ 81.9% ئاشقان.

## 2. بىرقانچە خىل ئاساسلىق مېۋىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش ئەھۋالى

دۇنيا بويىچە مېۋىلىك دەرەخ تۈرىگە كىرگۈزۈلۈپ ئۆستۈرۈلۈۋاتقان ئۆسۈملۈكلەر 2800 خىل بولۇپ، بىر قەدەر مۇھىم دەپ قارىلىۋاتقانلىرى 300 خىلغا يېتىدۇ. 2004 ـ يىلى دۇنيا بويىچە مېۋە ـ چېۋە تۈردىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆستۈرۈلۈش كۆلىمى (قوغۇن ـ تاۋۇز تۈردىكىلەر بۇنىڭ سىرتىدا) 51 مىليون 356 مىڭ 825 گېكتارغا، ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 503 مىليون 280 مىڭ توننىغا يېتىپ، ھەر گېكتار كۆلەمنىڭ مەھسۇلات مىقدارى 9800 كىلوگرامدىن توغرا كەلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئالمىنىڭ ئۆستۈرۈلۈش كۆلىمى 5 مىليون 178 مىڭ 360 گېكتار، ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 61 مىليون 920 مىڭ توننا بولۇپ، ھەر گېكتار كۆلەمدىكى ئالمىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى 11 مىڭ 957 كىلوگرامغا يەتكەن؛ ئاپېلسىن تۈردىكىلەرنىڭ ئۆستۈرۈلۈش كۆلىمى 7 مىليون 373 مىڭ 555 گېكتار، ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 108 مىليون 540 مىڭ توننا بولۇپ، ھەر گېكتار كۆلەمدىكى ئاپېلسىننىڭ مەھسۇلات مىقدارى 14 مىڭ 720 كىلوگرامغا يەتكەن.

2005 ـ يىلى دۇنيا بويىچە باناننىڭ ئۆستۈرۈلۈش كۆلىمى 4 مىليون 456 مىڭ 500 گېكتار بولۇپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 348 مىڭ 400 گېكتار ئاشقان؛ ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 72

مىليون 624 مىڭ 600 توننا بولۇپ ، 2000 ـ يىلىدىكىدىن
مىليون 48 مىڭ 200 توننا ئاشقان .

## 3 . چەت ئەللەرنىڭ باغۋەنچىلىك تېخنىكا ئالاھىدىلىكلىرى

1 ) مېۋىلىك دەرەخ تۈرلىرى ۋە سورتلىرىنى رايونلاشتۇرۇش
هەربىر مېۋىلىك دەرەخ تۈرى ، هەربىر سورتنىڭ تاشقى مۇ
هىت ـ شارائىت (تېمپېراتۇرا ، تۇپراق ، سۇ ، يورۇقلۇق )قا قار
مۇئەييەن تەلىپى بولىدۇ . بۇ تەلەپلەرنى قاندۇرالايدىغان جايلار
مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۆستۈرۈپ ، ئازغىنا سەرپىيات بىلەن خېل
يۇقىرى مەھسۇلاتقا ۋە ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلاتقا ئېرىشكىلى ، شۇ
داقلا خېلى كۆپ ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ . ئام
رىكىنىڭ باغۋەنچىلىكى مەركەزلەشكەن رايونى شەرقىي دېڭ
قىرغىقىدىكى ۋاشىنگتون شتاتى بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدە ۋىنا
( Wenachee) ، ياكىما ۋادىسى (Yakima Valley ) ۋە كولومبى
ئويمانلىقى (Calumbia Basin ) باغۋەنچىلىك رايونىدىكى توققۇ
ئاساسلىق ناھىيىنىڭ باغۋەنچىلىك كۆلىمى پۈتكۈل ۋاشىنگ
تون ئوبلاستى باغۋەنچىلىك ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 96% نى ئىگ
لەيدۇ . ئالمىلىق باغ كۆلىمى پۈتكۈل شتات مېۋىلىك دەرەخ كۆل
مىنىڭ 3/4 قىسمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەپ ، يىللىق مەھسۇلا
مىقدارى 2 مىليون 270 مىڭ تونىغا يېتىدۇ . بۇنىڭ ئىچىد
مارشال سورتى سىستېمىسىدىكى ئالمىلار ئومۇمىي ئالمىلىق كۆل
مىنىڭ تەخمىنەن 75% نى ئىگىلەيدۇ . بۇ جايلارنىڭ تۇپرىق
مۇنبەت ، هاۋا كىلىماتى مۇۋاپىق ، يورۇقلۇقى يېتەرلىك بولغاچقا
گەرچە يىللىق هۆل ـ يېغىن مىقدارى ئازراق بولسىمۇ ، كولومبى
دەرياسى ۋە ۋىناچ دەرياسىنىڭ سۇلىرى بىلەن يېتەرلىك سۇغىرىل
دىغانلىقتىن ، دەرەخلەر بولۇق ئۆسۈپ ، مەھسۇلاتى سۈپەتلىك ھە
يۇقىرى بولىدۇ ؛ مېۋىلەر رەڭدار ، دانىسى يوغان ، قەنت تەركىب

مول، پۇراقلىق بولۇپ، دۇنيا بويىچە مارشال سورتى سىستېمىسىدىكى ئالما ئىشلەپ چىقىرىلىدىغان ئېسىل ماكانلىقى بىلەن نامى مەشھۇر.

ياپونىيىنىڭ ئالما ئىشلەپچىقىرىشىمۇ ئائوموري، ئاكىتا، ئىۋاتې ۋە ناگانو قاتارلىق بىرقانچە ناھىيىسىگە مەركەزلەشكەن.

باغۋەنچىلىكتە يۇقىرى مەھسۇلات، ئەلا سۈپەت، يۇقىرى ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشتە، مېۋىلىك دەرەخلەرنى مۇھىت ـ شارائىتى مۇۋاپىق جايلاردا ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن ئاز سەرپىيات بىلەن مول ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

2) سورتلارنى يېڭىلاش

باغۋەنچىلىك ئىلمىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ يېڭى سورتلىرى ئۈزلۈكسىز ھالدا يېتىشتۈرۈلىدۇ. ئادەتتە سورت يېتىشتۈرۈش نىشانى ئاساسلىقى يۇقىرى مەھسۇلاتلىق، ئەلا سۈپەتلىك، شۇنىڭدەك قولايسىز شارائىتلارغا چىدامىلىق، دەرەخ باراقسىنى ئىخچام، پەرۋىشكە قولايلىق، ماشىنا ئارقىلىق يىغىۋېلىشقا ماس كېلىدىغان بولۇش تەلەپلىرىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت.

3) پاكار، زىچ ئۆستۈرۈش

نۆۋەتتە دۇنيا باغۋەنچىلىكىدە مېۋىلىك دەرەخلەرنى پاكار، زىچ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى قوللىنىلىۋاتىدۇ. فرانسىيىنىڭ ئالما ئىشلەپچىقىرىشىدا پاكارلاشتۇرۇلغان ئۇلاق ئاستىنىڭ قوللىنىلىشى 98% نى، نەشپۈت ئىشلەپچىقىرىشىدا 96% نى ئىگىلەيدۇ. باشقا ئەللەردىمۇ مېۋىلىك دەرەخلەرنى پاكار، زىچ ئۆستۈرۈش كۆلىمى تەدرىجىي ئاشماقتا. چۈنكى، پاكار، زىچ ئۆستۈرۈش ئېگىز شالاڭ ئۆستۈرۈشكە قارىغاندا بىرلىك مەھسۇلاتى يۇقىرى، سۈپىتى ياخشى بولۇش، بالدۇر مېۋىلەش، چاتاش، دورا پۈركۈش، مېۋىسىنى يىغىش قاتارلىقلارغا قولايلىق بولۇشتەك ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە ھەمدە ئەمگەك كۈچى تېجىلىدۇ. ئۆلچەشلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، كاربون ـ سۇ بىرىكمىلىرىنىڭ مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ

هەرقايسى ئەزالىرىغا تارقىلىشى ئىگىز - پاكارلىقىغا ئاساس
پەرقلىنىدىكەن. مەسىلەن، پاكار ئۆستۈرۈلگەن ئالما دەرە
لىرىنىڭ مېۋىسىدە 76%، يوپۇرمىقىدا 8.4%، شاخلىر
14.4%؛ ئىگىز ئۆستۈرۈلگەن ئالما دەرەخلىرىنىڭ مېۋىس
45%، يوپۇرمىقىدا 13.9%، شاخلىرىدا 40.9% كاربون -
بىرىكمىلىرى بولىدىكەن.

4) تۇپراق پەرۋىشىنى كۈچەيتىش

كۆپلىگەن ئەللەرنىڭ تۇپراق پەرۋىشىدە مېۋىلىك دەرەخ قو
لىرىنىڭ ئارىسىدا ئوت - چۆپ ئۆستۈرۈش، قۇر ئارىلىقلىرىن
كۇلتىۋاتسىيە قىلىش ياكى ئوت - چۆپ يوقىتىش دورىلىرىن
چېچىش ئۇسۇللىرى قوللىنىلماقتا. قۇر ئارىلىقلىرىدا ئوت - چۆ
ئۆستۈرگەندە تۇپراقتىكى ئورگانىك ماددىلارنىڭ كۆپىيىشىگە، يا
تۇ يەرلەردىكى تۇپراقلارنىڭ ئېقىپ كەتمەسلىكىگە، ماشىنا بىلە
مەشغۇلات قىلىشقا پايدىلىق بولىدۇ. يەنە مېۋىلەر تۆكۈلگەندە ز
خىملىنىشى ئازىيىدۇ. قۇر ئارىلىقلىرىدىكى ئوت - چۆپلەرن
ئورۇپ دەرەخ ئاستىغا يېپىتقاندا يەر يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقىن
ئازايتقىلى، تۇپراق نەملىكىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ، شۇنىڭدە
يەر يۈزىگە يېقىن تارقالغان يىلتىزلارنىڭ ئىسسىق ۋە قۇرغاقچىلىق
تىن قۇرۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولۇپلا قالماستىن، يە
دەرەخلەرنىڭ ئۆسۈشىگىمۇ پايدىلىق بولىدۇ.

5) ئىلمىي ئۇسۇلدا ئوغۇتلاش

مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئىلمىي ئۇسۇلدا ئوغۇتلاش دېگەنلى
ئوغۇتلاشنى ئاساسقا تايىنىپ مەقسەتلىك ھالدا ئىلىپ بېرىشتى
ئىبارەت. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بەزى دۆلەتلەر باغلارنى ئورگ
نىك ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بەرمەكتە. مەس
لەن، ياپونىيىنىڭ ئائومورى ناھىيىسى ھەرمو باغنى 400 ك
لوگرام قىغ بىلەن، فرانسىيە ھەرمو باغنى 460 كىلوگرام ق
بىلەن ئوغۇتلاپ، تۇپراقتىكى ئورگانىك ماددىلارنى كۆپەيتىش
تۇپراقنى ياخشىلاشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئېلىمىزدە يېقىنقى يىللار

دىن بۇيان ، باغلارنى ئوغۇتلاشتا كۆپىنچە ئازوتلۇق ئوغۇت ئاساس قىلىنىپ ، فوسفورلۇق ، كالىيلىق ئوغۇت بىلەن ۋە بەزى مىكرو ئېلېمېنتلىق ئوغۇتلار بىلەن ئوغۇتلاشقا سەل قارىلىپ كەلدى . ئازوتلۇق ئوغۇتلار كۆپ بېرىلىپ كەتسە مېۋە سۈپىتىگە تەسىر يېتىدۇ ، يەنى مېۋىنىڭ رەڭلىنىشى كېچىكىدۇ ، قەنت تەركىبى ئازىيىدۇ ، چۈچۈمەل بولۇپ قالىدۇ ؛ توشۇشقا ، ساقلاشقا چىدام- سىز بولۇپ قالىدۇ ؛ دەرەخلەر باراقسان ئۆسۈپ ، ئۆسۈشتىن ۋاق- تىدا توختىيالمىغاچقا ، ئاسانلا ئۈششۈپ كېتىدۇ . مېۋىلىك دەرەخ- لەر ئۈچۈن فوسفور ، كالىيلىق ئوغۇتلار ئازوتلۇق ئوغۇتلارغا ئوخ- شاشلا مۇھىم . ھەرخىل مىكرو ئېلېمېنتلار ئىچىدە تۆمۈر ، سىنك ، بور ، كالتسىيلار تېخىمۇ مۇھىم . بۇ ئېلېمېنتلار كەمچىل بولسا ، دەرەخلەردە فىزىئولوگىيىلىك كېسەللىكلەر پەيدا بولىدۇ . يىلتىز تۈگۈنەك باكتېرىيىسى مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ مىنېرال ئو- زۇقلۇقلارنى ۋە سۇنى سۈمۈرۈشىنى كۈچەيتىدۇ . ئالما ، شاپتۇل- لارغا يىلتىز تۈگۈنەك باكتېرىيىسىنى بەرگەندە يوپۇرماقتىكى سىنك مىقدارى 2 ~ 7 ھەسسە ئاشىدۇ . باكتېرىيىلىك ئوغۇتلار- نىڭ بۇ خىل رولى كىشىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىماقتا .

6 ) سۈپەتلىك كۆچەت يېتىشتۈرۈش

كۆچەت ــ باغ بەرپا قىلىشنىڭ ئاساسى . كۆچەت سۈپىتىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى باغ بەرپا قىلىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىنى بەلگىلىگۈچى مۇھىم ئامىل . نۇرغۇن ئەللەردە سۈپەتلىك كۆچەت يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلمەكتە ھەمدە كۆچەتلەرنىڭ سۈپىتىگە بولغان تەلەپ كۈچەيتىلمەكتە .

(1 ) كۆچەت سورتىنىڭ ياخشى ، ساپ بولۇشىنى قولغا كەلتۈ- رۈپ ، سۈپەتلىك سورتلارنى راۋاجلاندۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ئىشقا ئاشۇرۇلۇۋاتىدۇ . مەسىلەن ، ياپونىيىدە دېھقانچىلىق - ئور- مانچىلىق ۋازارىتى كېڭەيتىلمەكچى بولغان سورتلارنى تەكشۈرۈپ باھالىغاندىن كېيىن تەستىقلايدۇ ، كۆچەت يېتىشتۈرگۈچى ئورۇن-

لار دېھقانچىلىق ـ ئورمانچىلىق ۋازارىتىنىڭ تەستىقىنى ئېلىشى كېرەك ؛ شەخسلەرنىڭ ئۆز مەيلىچە كۆچەت يېتىشتۈرۈشى ۋە سېتىشىغا يول قويۇلمايدۇ .

(2) كۆچەتلەر چوقۇم ۋىرۇسسىزلاندۇرۇلىدۇ . مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ۋىرۇس بولۇپ ، ئۇ مېۋە مەھسۇلاتىغا تەسىر يەتكۈزۈپلا قالماستىن ، مېۋە سۈپىتىنىمۇ ناچارلاشتۇرىدۇ. 80 ـ يىللاردا ئامېرىكىلىق باغۋەنچىلىك مۇتەخەسسىسى ئېلىمىزنىڭ باغۋەنچىلىكىنى تەكشۈرۈپ : «ئەگەر جۇڭگو مېۋىلىك دەرەخلىرىدىكى ۋىرۇسنى يوقىتالىسىلا مەھسۇلاتىنى 30% ئاشۇرالايدىغانلىقىغا كاپالەت بېرىمەن» دېگەن . ۋىرۇسسىزلاندۇرۇش ئۇسۇلى ئىسسىقلىق ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىش ، غول ئۇچىنى يېتىشتۈرۈش ، مىكرو تەنچىنى ئۇلاش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت .

(3 ) ساغلام كۆچەت يېتىشتۈرۈلىدۇ . چەت ئەللەردە كۆچەت يىلتىزلىرىنىڭ سانى ، ئۇزۇنلۇقى ، توملۇقى ، يەر ئۈستى غولىنىڭ ئېگىزلىكى ، توملۇقى ، شاخلىرىنىڭ سانى قاتارلىقلارغا ئېنىق تەلەپ قويۇلىدۇ ھەمدە كۆچەتلەر مۇشۇ تۈرلەر ئاساسىدا دەرىجىلەرگە ئايرىلىپ ، ئەلا سۈپەتلىكلىرىگە يۇقىرى باھا قويۇلىدۇ .

7 ) شەكىلگە كەلتۈرۈپ چاتاش

كۆچەتلەرنى چاتاشتا دەرەخ باراقسىنىنى چوڭايتىش ، غولىنى تىمەنلەشتۈرۈش ۋە بۇ ئارقىلىق قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە ھەممە بوشلۇقنى ئىگىلىتىپ ، بالدۇر ، مول ھوسۇللۇق مېۋىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەقسەت قىلىنىدۇ . يېتىلگەن دەرەخلەرنى چاتاشتا ، ھاۋا ، يورۇقلۇق ئۆتۈشۈش شارائىتىنى ياخشىلاش ، مېۋە شېخى گۇرۇپپىلىرىنى قايتا تەشكىللەش مەقسەت قىلىنىدۇ .

ياۋروپا ، ئامېرىكىلاردا پاكار ، زىچ ئۆستۈرۈلگەن ئالما دەرەخلىرىنى شەكىلگە كەلتۈرۈشتە ئاساسىي غولنى تەبىئىي ئۇرچۇق شەكىلگە كەلتۈرۈش ياكى قايتا شەكىلگە كەلتۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلىۋاتىدۇ . ياپونىيىدە كۆپىنچە ئىنچىكە ئۇرچۇق شەكىلگە كەل-

تۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ ، ئۇزۇن شاخلىرى چاتىۋېتىلىدۇ ، يەنى شالاڭلاشتۇرۇپ چاتاش ، يىغىنچاق ھالەتتە چاتاش ، تىك تۆت بۇلۇڭ شەكلىدە چاتاش تېخنىكىلىرى قوللىنىلىپ ، قىسقا چاتاش ئۇسۇلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى .

8 ) چېچەك - غورىلىرىنى شالاڭلىتىش

بۇ مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ھوسۇلسىز يىلىنى تۈگىتىش ، مېۋە سۈپىتىنى ياخشىلاشتىكى مۇھىم تەدبىر ھېسابلىنىدۇ . پاكار ، زىچ ئۆستۈرۈلگەن مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئېگىز ، شالاڭ ئۆستۈرۈلگەن مېۋىلىك دەرەخلەرگە قارىغاندا بولۇق مېۋىلەش مەزگىلى بالدۇرراق بولۇپ ، ئۆسۈشى ئاجىزراق كېلىدۇ ، شۇڭلاشقا ھوسۇلسىز يىلى ئاسانلا پەيدا بولىدۇ . قىسقا شاخلىق مېۋىلىك دەرەخلەر ئوخشاش بىرخىل سورت بولسىمۇ ھوسۇلسىز يىلى ئادەتتىكى دەرەخلەرگە قارىغاندا بالدۇر ھەم روشەن پەيدا بولىدۇ .

ياۋروپا ، ئامېرىكا ، ئاۋستىرالىيە قىتئەلىرىدىكى دۆلەتلەردە ئالمىنىڭ چېچەك - غورىلىرىنى خىمىيىۋى دورىلار ئارقىلىق شالاڭلىتىش ئادەتتىكى تەدبىر ھېسابلىنىدۇ ، بۇنىڭدا كۆپرەك سېۋىن ، ئانتىنونىن ، نافتالىن ، سىركە كىسلاتاسى ، نافتالىن ئاسېتامىد قاتارلىق دورىلار ئىشلىتىلىۋاتىدۇ . ئانتىنونىن ئالمىنىڭ چېچەكلەش مەزگىلىدە ، ھاۋا نەملىكى ئازراق جايلاردا ئىشلىتىلىپ ، چېچەك شالاڭلىتىش دورىسى قىلىنىدۇ . باشقا دورىلار مېۋىلەرنىڭ غورا مەزگىلىدە ئىشلىتىلىپ ، غورىلارنى شالاڭلىتىش دورىسى قىلىنىدۇ .

9 ) مېۋىلەرنىڭ رەڭلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش

ياپونىيىدە ئالمىلار كۆركەم ، رەڭدار بولغاندىلا كۈچلۈك بازار رىقابىتىگە ئىگە بولۇپ ، قىممەت ساتقىلى بولىدۇ ، دەپ قارايدۇ . ياپونىيىلىكلەر ئازوتلۇق ئوغۇتلارنىڭ ئىشلىتىلىش مىقدارىنى كونترول قىلىش ؛ غورىلارنى شالاڭلىتىپ يوپۇرماق - مېۋە نىسبىتىنى ئاشۇرۇش ؛ چاتاپ يورۇقلۇق چۈشۈشىنى كۈچەيتىش ؛ مېۋىلەرگە خالتا كىيدۈرۈپ ، يىغىۋېلىشتىن 30 كۈن بۇرۇن تېگىۋې-

تىش ؛ شاخلىرىنى كېرىش ، يوپۇرماقلىرىنى ئۈزۈۋېتىش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق مېۋىلەرنىڭ رەڭلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئامېرىكىدا مېۋىلەرنىڭ رەڭلىنىش مەزگىلىدە پۇركۈپ سۇغىرىپ دەرەخ تېنىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى تۆۋەنلىتىپ ، قەنت مىقدارىنىڭ جۇغلىنىشىنى كۈچەيتىپ ، مېۋىلەرنىڭ رەڭلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

10) كېسەللىك ۋە هاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

كېسەللىك ۋە هاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىش تۆۋەتتىكى يېزا ئىگىلىكىنىڭ نىشانلىق تەدبىرى بولۇپ ، يېشىل يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەلىپىگە تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ ، «خەلقئارا ئورگانىك يېزا ئىگىلىكى ھەرىكىتى ئىتتىپاقى» نىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگىمۇ ماس كېلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈشىنى تەڭشىگۈچى دورىلارنى ئىشلىتىش جەھەتتىمۇ زور ئىلگىرىلەشلەر بارلىققا كېلىپ ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى تەڭشەشتە مۇھىم رول ئويناماقتا.

## 4 . ئېلىمىزنىڭ باغۋەنچىلىك ئەھۋالى

1) ئېلىمىز باغۋەنچىلىكىنىڭ دۇنيادىكى ئورنى

ئېلىمىزنىڭ باغۋەنچىلىك تارىخى ئۇزۇن ، يەنى 4000 يىلدىن ئۇزۇنراق تارىخقا ئىگە ، مېۋىلىك دەرەخ سورتى بايلىقى ناھايىتى مول بولۇپ ، دۇنيا مېۋىلىك دەرەخلەر سورتى بايلىقى ئامبىرى ھېسابلىنىدۇ. ئېلىمىزدە بارلىققا كەلگەن ۋە يېتىشتۈرۈلگەن مېۋىلىك دەرەخ سورتى بايلىقى نەچچە مىليون يىللاردىن بۇيان دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقىلىپ ، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى بېيىتىپ كەلدى. مەسىلەن ، ئەسلىدە ئېلىمىزدە بارلىققا كەلگەن ئاپېلسىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 200 ـ يىللاردا غەربىي خەن

سۇلالىسى دەۋرىدە يىپەك يولى ئارقىلىق ئىران، ئىراق، سەئۇدى ئەرەبىستانى، رىم قاتارلىق دۆلەتلەرگە تارقالغان، كېيىنچە ياۋرو-پا، ئامېرىكا قىتئەلىرىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرگە تارقالغان؛ بۇ-نىڭدىن تەخمىنەن 500 يىللار ئىلگىرى شەرققە، يەنى چاۋشيەن، ياپونىيىلەرگە تارقالغان. نۆۋەتتە ئاپپلسىن دۇنيا بويىچە مەھسۇلاتى ئەڭ كۆپ مېۋىگە ئايلىنىپ، خەلقئارا بازارنى ۋە دۇنيا خەلقىنى تەمىنلىمەكتە.

ئەسلىدە ئېلىمىزدە بارلىققا كەلگەن «مايمۇن شاپتۇلى»نىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ، سۈپىتى ياخشى بولغاچقا، «جۇڭخوا مايمۇن شاپتۇلى» نى خېلى ئۇزۇن يىللار ئىلگىرى يېڭى زېلاندىيە ئېلى-مىزدىن ئىمپورت قىلىپ، تاللاپ يېتىشتۈرۈش ۋە سورتىنى ياخ-شىلاش ئارقىلىق خەلقئارا بازاردىكى ئېسىل مېۋىگە ئايلاندۇردى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبىنىڭ موللۇقى، تېبابەتچىلىكتىكى رولىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن دۇنيا خەلقىنىڭ دىققەت - ئېتىبارى-نى قوزغىماقتا. ئېلىمىزنىڭ كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلار زىيىنىغا چىدامىلىق مېۋىلىك دەرەخ سورتى بايلىقلىرى كۆپ بو-لۇپ، بەزى ئەللەردە كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ زىيىنى تۈپەيلىدىن مېۋىلىك دەرەخلەر قۇرۇپ كەتسىمۇ، ئېلىمىز مېۋىلىك دەرەخلىرىنىڭ ھېچقانداق زىيانغا ئۇچرىمىغانلىقى ياكى ئاز ئۇچرى-غانلىقى توغرىسىدا ئەمەلىي مىساللار خېلى كۆپ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئېلىمىزنىڭ باغۋەنچىلىكى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ، دۇنيا بويىچە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلە-مەكتە. 1992 - يىللىق ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ئېلىمىز نەشپۈت، ئالما مەھسۇلاتى جەھەتتە دۇنيا بويىچە 1 - ئورۇندا، ياڭاق، كاشتان مېۋىسىدە 2 - ئورۇندا، ئاپپلسىندا 3 - ئورۇندا، بانان، مانگو، شاپتۇل، ئامۇت قاتارلىقلاردا 4 - ئورۇندا تۇرغان. ئېلىمىز باغۋەنچىلىكىنىڭ تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچى ناھايىتى زور بولۇپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى باغۋەنچىلىك تەرەققىياتىدا ئورنى تېخىمۇ گەۋدىلىك بولىدۇ.

2) ئېلىمىزنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى باغۋەنچىلىك ئەھۋالى

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى ئېلىمىزنىڭ باغۋەنچىلىك تەرەققىياتى كىشىنى خۇشال قىلىدۇ. دۆلىتىمىزدە ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە يېزىلارغا قارىتىلغان سىياسەتلەرنى تەگشەش ئېلىپ بېرىلغانلىقتىن، باغۋەنچىلىكنىڭ تەرەققىياتى بىرقەدەر تېز بولدى.

2004 ـ يىلى ئېلىمىزدە مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئۆستۈرۈلۈش كۆلىمى 124 مىليون 730 مىڭ موغا، ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 68 مىليون 840 مىڭ توننىغا يېتىپ، مو بېشى مەھسۇلاتى 552 كىلوگرامدىن توغرا كەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئالمىنىڭ ئۆستۈرۈلۈش كۆلىمى 34 مىليون 454 مىڭ موغا، ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 22 مىليون 890 مىڭ توننىغا يېتىپ، مو بېشى مەھسۇلاتى 663 كىلوگرامدىن توغرا كەلدى؛ ئاپېلسىننىڭ ئۆستۈرۈلۈش كۆلىمى 19 مىليون 764 مىڭ موغا، ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 10 مىليون 242 مىڭ توننىغا يېتىپ، مو بېشى مەھسۇلاتى 518 كىلوگرامدىن توغرا كەلدى؛ نەشپۈتنىڭ ئۆستۈرۈلۈش كۆلىمى 14 مىليون 306 مىڭ موغا، ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 8 مىليون 615 مىڭ توننىغا يېتىپ، مو بېشى مەھسۇلاتى 602 كىلوگرامدىن توغرا كەلدى؛ ھەر خىل شاپتۇللارنىڭ ئۆستۈرۈلۈش كۆلىمى 13 مىليون 620 مىڭ موغا، ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 3 مىليون 827 مىڭ توننىغا يېتىپ، مو بېشى مەھسۇلاتى 281 كىلوگرامدىن توغرا كەلدى؛ ئۈزۈمنىڭ ئۆستۈرۈلۈش كۆلىمى 3 مىليون 645 مىڭ موغا، ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 3 مىليون 53 مىڭ توننىغا يېتىپ، مو بېشى مەھسۇلاتى 837 كىلوگرامدىن توغرا كەلدى؛ باناننىڭ ئۆستۈرۈلۈش كۆلىمى 3 مىليون 210 مىڭ موغا، ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 4 مىليون 813 مىڭ توننىغا يېتىپ، مو بېشى مەھسۇلاتى 1500 كىلوگرامدىن توغرا كەلدى؛ ئانانىسنىڭ ئۆستۈرۈلۈش كۆلىمى

529 مىڭ موغا، ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 132 مىڭ توننىغا يېتىپ، مو بېشى مەھسۇلاتى 250 كىلوگرامدىن توغرا كەلدى.
2006 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا ئېلىمىز 1 مىليون 662 مىڭ توننا مېۋە ـ چېۋە ئېكسپورت قىلغان بولۇپ، 2005 ـ يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 6.9% ئازايغان، مېۋە ـ چېۋە ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليارد 80 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 10.7% ئاشقان. ئىمپورت قىلىنغان مېۋە ـ چېۋە 710 مىڭ توننا بولۇپ، ئالدىنقى يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 19.5% ئاشقان؛ ئىمپورت سودىسى 410 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 16.2% ئاشقان.
3) باغۋەنچىلىكتە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر
(1) باغ بەرپا قىلىغان ئورۇنلارنىڭ شارائىتى ناچار، باغۋەنچىلىككە سېلىنىدىغان مەبلەغ يېتەرسىز بولۇۋاتىدۇ. بەزى جايلاردا باغلار ئونۇمسىز، تاشلاندۇق، شورتاڭلىق جايلارغا بەرپا قىلىنىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سېلىنىدىغان مەبلەغ ئاز بولغاچقا، باغلاردىكى مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ مېۋىلىشى كېيىن، سۈپىتى ناچار، مەھسۇلاتى ئاز بولۇپ، كىرىم چىقىمنى قاپلىيالماسلىقتەك ھالەت شەكىللىنىپ قېلىۋاتىدۇ. بۇنداق باغلار شەخسلەرگە ئىنتايىن ئەرزان باھادا كۆتۈرە بېرىلىۋاتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يېزا، كەنتلەر زىيان تارتىۋاتىدۇ.
(2) كۆچەت يېتىشتۈرۈش ۋە كۆچەت يۆتكەشتە ئېھتىياج بىلەن تەمىنلەش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت گەۋدىلىك بولماقتا. گەرچە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئورمانچىلىق قانۇنى» دا كۆچەتلەرنى يۆتكەشتە كارانتىن ئۆتكىلىنى پۇختا ئىگىلەپ، كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، بەزى ئورۇنلار ئۆز مەيلىچە ھەرخىل يوللار بىلەن كۆچەتلەرنى يۆتكەپ، كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ يامراپ

كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ؛ يۆتكەش جەريانىدا تېخىنكىلىق ئۆتكەللەر پۇختا ئىگىلەنمىگەچكە، كۆچەتلەر قۇرۇپ قېلىش، ئەي بولۇش ئۇنۇمى تۆۋەن بولۇش ۋە يۆتكەلگەن كۆچەتلەر بەلگىلەنگەن سورت ئۆلچىمىگە يەتمەسلىك ئەھۋاللىرى كۆرۈلۈۋاتىدۇ. بەزى جايلاردا كۆچەت يېتىشتۈرۈشتە قارىغۇلارچە ئىش كۆرۈپ، ئېھتىياجنى مۆلچەرلىمەي زىيان تارتىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلۈۋاتىدۇ. مەسىلەن، شەندۇڭ ئۆلكىسىدىلا 200 مىڭ مو كۆچەتزارلىق بولۇپ، يىلىغا 15 مىليون مو باغ بەرپا قىلىشقا ئېھتىياجلىق كۆچەت ئېھتىياجنى تەمىن ئېتەلەيدۇ. بۇ ھەقىقەتەن ئېھتىياجدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كېتىدۇ.

(3) مېۋىلەرنىڭ سۈپىتى ناچار بولغاچقا، ئېكسپورت قىلىپ تاشقى پېرېۋوت يارىتىشقا تەسىر يېتىۋاتىدۇ. مەسىلەن، ئېلىمىزنىڭ ئاپپلىسىن مەھسۇلاتى دۇنيا بويىچە 3 - ئورۇندا تۇرسىمۇ، تاشقى سودا جەھەتتە ئاران 1% نى ئىگىلەيدۇ؛ ئالمىنىڭ خەلقئارا بازاردىكى باھاسىمۇ ناھايىتى ئەرزان بولۇپ، ئامېرىكا، ياپونىيە ئالمىلىرى بىلەن رىقابەتلىشەلمەيۋاتىدۇ. گەرچە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان باغۋەنچىلىكىمىز تېز تەرەققىي قىلىپ، كۆپ خىل داڭلىق، ئالاھىدە سۈپەتلىك مېۋىلەر ئىشلەپ چىقىرىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ تاۋارلىق نىسبىتى تۆۋەن، بازارغا كىرىش ۋاقتى مەركەزلىك بولغاچقا، بازارنى يىل بويى تەمىنلەش يېتەرسىز بولۇۋاتىدۇ.

(4) مېۋە - چېۋە بازارلىرى كۆپەيتىلگەندىن كېيىنكى سېتىش - سېتىۋېلىش تۈزۈلمىسى باغۋەنچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش ئېھتىياجىغا ماسلىشالمايۋاتىدۇ. كىچىك كۆلەملىك ئىشلەپچىقىرىش بىلەن چوڭ بازارلارنىڭ زىددىيىتى گەۋدىلىك بولۇۋاتىدۇ. بۇ باغۋەنچىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى ئۇخشاش بولمىغان دەرىجىدە چەكلىمىگە ئۇچرىتىدۇ.

【قوشۇمچە】

## باغۋەنچىلىككە ئائىت بىر قىسىم ئاتالغۇلار

| | |
|---|---|
| باغ بەرپا قىلىش | 果园建设 |
| باغلارنى پىلانلاش | 果园规划 |
| باغلارنى لايىھىلەش | 果园设计 |
| باغ ئورنىنى بەلگىلەش | 果园地点的确定 |
| مېۋىلىك دەرەخ كۆچەتلىرىنى يېتىشتۈرۈش | 果树育苗 |
| مېۋىلىك دەرەخلەرنى تىكىش | 果树的栽植 |
| يەر تەييارلاش | 土壤准备 |
| تىكىش زىچلىقى | 栽植密度 |
| تىكىش شەكلى | 栽植方式 |
| چاڭلاشتۇرغۇچى سورتلارنى تاللاش | 授粉品种的选择 |
| چاڭلاشتۇرغۇچى سورتلارنى سەپلەش | 授粉品种的配置 |
| تىكىش مەزگىلى | 栽植时期 |
| تىكىش ئۇسۇلى | 栽植方法 |
| تىكىلگەندىن كېيىنكى پەرۋىش | 栽植后的管理 |
| باغ پەرۋىشى | 果园管理 |
| تۇپراق پەرۋىشى | 土壤管理 |
| تۇپراقتىكى مىكرو ئورگانىزملار | 土壤微生物 |
| چاغلاش، ئوت ئوتاش | 中料除草 |
| باغلارنى ئوغۇتلاش | 果园施肥 |
| ئوغۇتلاش مەزگىلى | 施肥时期 |

| | |
|---|---|
| 施肥方法 | ئوغۇتلاش ئۇسۇلى |
| 施肥量 | ئوغۇتلاش مىقدارى |
| 难溶性养份 | تەستە ئېرىيدىغان ئوزۇقلۇقلار |
| 果园灌水 | باغلارنى سۇغىرىش |
| 果园秋季管理 | باغلارنىڭ كۈزلۈك پەرۋىشى |
| 果树的整形修剪 | مېۋىلىك دەرەخلەرنى شەكىلگە كەلتۈرۈپ چاتاش |
| 树冠 | دەرەخ باراقسىنى |
| 株距 | تۈپ ئارىلىقى |
| 行距 | قۇر ئارىلىقى |
| 栽植杭 | تىكىش ئورىكى |
| 果园冬灌 | باغلارغا توڭ ياتقۇزۇش |
| 花而不实 | چېچەكلىسىمۇ مېۋىلىمەسلىك |
| 大年小年 | ھوسۇللۇق - ھوسۇلسىز يىلى |
| 幼树期 | ياش دەرەخ مەزگىلى |
| 结果期 | مېۋىلەش مەزگىلى |
| 盛果期 | بولۇق مېۋىلەش مەزگىلى |
| 纺锤灌树 | ئۇرچۇقسىمان چاتقال شەكىللىك |
| 纺锤形 | ئۇرچۇق شەكىللىك |
| 细长纺锤形 | ئىنچىكە ئۇرچۇق شەكىللىك |
| 自由纺锤形 | تەبىئىي ئۇرچۇق شەكىللىك |
| 新梢 | نوتا |
| 萌芽 | بىخ سۇرۇش |
| 初花期 | چېچەكلەشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى |
| 盛花期 | چېچەكلەش مەزگىلى |
| 花芽形成 | چېچەك بىخى ھاسىل بولۇش |
| 苗木定植 | تۈپنى مۇقىملاشتۇرۇش |
| 果枝 | مېۋىلىك شاخ |

| | |
|---|---|
| 摘心 | ئۇچىنى ئۈزۈش |
| 主枝 | ئاساسىي شاخ |
| 侧枝 | يان شاخ |
| 副梢 | قوشۇمچە شاخ |
| 抹芽 | بىخلىرىنى يېمىرىش |
| 徒长枝 | هارام شاخ |
| 砧木 | ئۇلاق تېگى |
| 接穗 | ئۇلاق ئۈستى |
| 嫁接 | ئۇلاش |
| 芽接 | بىخ ئۇلاق |
| 劈接 | يارما ئۇلاق (شىنا ئۇلاق) |
| 嫁接繁殖 | ئۇلاپ كۆپەيتىش |
| 嫁接育苗 | ئۇلاپ كۆچەت يېتىشتۈرۈش |
| 检疫 | كارانتىن قىلىش |
| 直播育苗 | ئۇرۇق ئارقىلىق كۆچەت يېتىشتۈرۈش |
| 种子处理 | ئۇرۇقنى بىر تەرەپ قىلىش |
| 浸种 | ئۇرۇقنى سۇغا چىلاش |
| 拌种 | ئۇرۇق دورىلاش |
| 苗床 | كۆچەتزارلىق |
| 行播 | قۇرلاپ تېرىش |
| 撒播 | چېچىپ تېرىش |
| 点播 | ئۇۋىلاپ تېرىش |
| 播种量 | تېرىش مىقدارى |
| 播种深度 | تېرىش چوڭقۇرلۇقى |
| 扦插育苗 | قەلەمچە ئارقىلىق كۆچەت يېتىشتۈرۈش |
| 压条 | نوتا باستۇرۇش |
| 分株 | تۈپ ئايرىش |

| | |
|---|---|
| 嫁接苗的管理 | ئۇلانغان كۆچەت پەرۋىشى |
| 补接 | تولۇقلاپ ئۇلاش |
| 采集接穗 | ئۇلاق ئۇستى ماتېرىيالىنى تەييارلاش |
| 接穗处理 | ئۇلاق ئۇستى ماتېرىيالىنى بىر تەرەپ قىلىش |
| 果树优良品种 | مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ سۈپەتلىك سورتلىرى |
| 库尔勒香梨 | كورلا نەشپۈتى |
| 酥梨 | قوم ئامۇت |
| 锦丰 | جىنفېڭ نەشپۈتى |
| 早酥梨 | چىلگە قوم ئامۇت |
| 无核白 | كىشمىش ئۈزۈم |
| 乍娜 | جانان ئۈزۈم |
| 巨峰 | جۈيفىڭ |
| 红木拉格 | قىزىل مۇناقى ئۈزۈم |
| 大佳娜丽 | چوڭ جانان ئۆرۈك |
| 皮来孜 | چوڭ ئاق ئۆرۈك |
| 卡拉胡安娜 | قارا خۇۋەينى ئۆرۈك |
| 新英热不蟠桃 | توقاچ شاپتۇل |
| 园蒲壳核桃 | يۇمىلاق قەغەز ياڭاق |
| 纸皮核桃 | قەغەز ياڭاق |
| 新丰核桃 | شىنجاڭ مول ھوسۇللۇق ياڭىقى |
| 新疆光皮核桃 | شىنجاڭ سىلىق پوستلۇق ياڭىقى (خەسە ياڭاق) |
| 新疆早丰核桃 | شىنجاڭ چىلگە مول ھوسۇللۇق ياڭىقى |
| 仁桃 | مېغىز شاپتۇل |
| 蟠桃 | ئەنجۇر شاپتۇل |
| 油桃 | ماي شاپتۇل |
| 早桃 | چىلگە شاپتۇل |
| 甜仁桃 | تاتلىق مېغىزلىق شاپتۇل |

| | |
|---|---|
| 酸汁石榴 | چۇچۇمەل ئانار |
| 小粒石榴 | كىچىك ئۇرۇقلۇق ئانار |
| 大粒石榴 | چوڭ دانلىق ئانار |
| 大粒甜汁石榴 | چوڭ ئۇرۇقلۇق تاتلىق ئانار |
| 根系 | يىلتىز سىستېمىسى |
| 混合芽 | ئارىلاش بىخ |
| 潜芽 | يوشۇرۇن بىخ |
| 雄芽 | ئاتىلىق بىخ |
| 雌芽 | ئانىلىق بىخ |
| 叶芽 | يوپۇرماق بىخى |
| 营养枝 | ئوزۇقلۇق شېخى |
| 果枝 | مېۋە شېخى |
| 授粉 | چاڭلاشتۇرۇش |
| 花粉粒 | چاڭ دانچىلىرى |
| 喜光树种 | يورۇقپەرەس دەرەخ تۈرلىرى |
| 喜温树种 | ئىللىقپەرەس دەرەخ تۈرلىرى |
| 采种 | ئۇرۇق يىغىش |
| 越冬 | قىشتىن ئۆتكۈزۈش |
| 采集花粉 | گۈل چېڭىنى يىغىش |

www.uyghurkitap.com

ئۆي ، هويلا ـ ئارام لايىھىلەشكە دائىر كىتابلار

# مېۋىلىك باغلارنى لايىھىلەش ۋە مېۋىلىك باغ بەرپا قىلىش

**تۈزگۈچى :** قادىر توختى
**مەسئۇل مۇھەررىرى :** توختى تۇردى
**مەسئۇل كوررېكتورى :** ئادالەت مەخسۇت
**مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى :** مىرزات ئابدۇللا تاجى
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى :** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**تېلېفون :** 0991－2827472
**ئادرېسى :** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى :** 830001
**باسقۇچى :** ئۈرۈمچى داجىنما مەتبەئەچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى
**ساتقۇچى :** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**فورماتى :** 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى :** 3.125
**قىستۇرما ۋارىقى :** 4
**نەشرى :** 2007 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**بېسىلىشى :** 2007 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**تىراژى :** 1－5000
**كىتاب نومۇرى :** ISBN 978－7－228－10994－4
**باھاسى :** 6.00 يۈەن

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مىرزات ئابدۇللا تاجى

ISBN 978-7-228-10994-4

9 787228 109944 >

定价:6.00 元